# تەپەككۇر دۇردانىلىرى

(رۇبائىلار، بىر بەيتلىكلەر، ئىككى بەيتلىكلەر، ئۈچ بەيتلىكلەر)

(«گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تاپالمىساڭ نېمە پايدا؟») خەلق ماقالى.



سابىت ئۇيغۇرىي

# تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

## (رۇبائىيلار)

بۇ ئالەم مەۋجۇتتۇر ئەزەل ـ ئەلمساق،
ئەبەدىي مەۋجۇت بوپ تۇرىدۇ شۇنداق.
ھېچنەرسە يوقلىقتىن بار بولالمايدۇ،
بار نەرسە يوق بولۇپ كەتمەيدۇ مۇتلاق!

※ ※ ※

دۇنيادا ھېچنەرسە ئەمەستۇر مۇقىم،
ئاسماندا ئاي كۆچەر، دەريالاردا قۇم.
بۇ ئالەم مۇستەھكەم كۆرۈنگەن بىلەن،
ئاقىۋەت ھەممىسى ئۆزگىرەر چوقۇم!

※ ※ ※

دەريالار تىك تاغدىن تۆۋەنگە ئاقار،
قاراڭغۇ تۈنلەردىن كېيىن تاڭ ئاتار.
بۇ ھالەت ھېچقاچان ئەكسىنچە بولماس،
دېمەككى: ئالەمنىڭ ئۆز قانۇنى بار!

※ ※ ※

يەردىكى سۇ، تۇپراق، پۈتكۈل ھاياتنى،
كۆكتىكى ئاي، قۇياش، بار كائىناتنى.
ئۆزگەرمەس قانۇن بىلەن باشقۇرىۋاتقان،
تەڭرىگە ئېيتقۇلۇق بار ھەسەناتنى!

※ ※ ※

دۇنيا ـ دەپ ئاتالغان پۈتكۈل تەبەت،
كۆزۈڭگە كۆرۈنگەن ھەر ياڭزا ھالەت.
قانچىلىك قانۇنى بار بولغان بولسا،
شۇنچىلىك قانۇنى يوقايدۇ دېمەك!

※ ※ ※

تىرىكتە بىر ئوت سەن، يۇلتۇزدەك ياناق،
ئۆلگەندە بولىسەن بىر ئوچۇم تۇپراق.
بەرىبىر دۇنيانىڭ بىر زەررىسى سەن،
ئالەمدىن يوق بولۇپ كەتمەيسەن مۇتلاق!

※ ※ ※

قانچىلىك قۇدرەتلىك بولسىمۇ ئادەم،
زېمىننى توختىتا ئالالماس بىر دەم.
دۇنيانىڭ ئىلگىرلىشى مۇقەررەر قانۇن،
ھېچكىمنىڭ رايىغا باقمايدۇ ئالەم!

※ ※ ※

ھەر كىمنىڭ كۆڭلىدە ئۇلۇق ئارزۇلار،
ۋالېكىن، ئۇنىڭغا يەتمىكىڭ دىشۋار.
سەن ئۆزەڭچە ئاسمانغا ساراي سالغاندا،
بېشىڭدا تەغدىرنىڭ كۈلكىسى ئوينار!

※ ※ ※

ئەڭ كىچىك زەررىدىن دۇنياغا قەدەر،
كۆرىنمەس جانلىقتىن ئىنسانغا قەدەر.
ھەممىسى: تۆرىلەر، ياشار، يوق بولار،
بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ھېچ بەشەر!

※ ※ ※

ئىنسان بىز ـ ھاياتنىڭ ئىپتىخارى بىز،
شۇ گۈزەل دۇنيانىڭ ئىجاتكارى بىز.
ئىنساننى ياراتقان ئانا زېمىننىڭ،
بەزىدە كۈلكىسى ـ بەزەن زارى بىز!

※ ※ ※

چوققىسى پەلەككە يەتكەن بۈيۈك تاغ،
ئۆزىگە تەمەننا قويىدۇ ھەر چاغ.
مەن دەيمەن: ئۇنچىلىك كۆرەڭلەپ كەتمە،
سېنى بۈيۈك قىلغان شۇ ئانا تۇپراق!

※ ※ ※

ئەي ۋەتەن، مېھرىڭدىن ئايرىما مېنى،
ئۇچقۇرلۇق قاناتتىن قايرىما مېنى.
ئامالسىز قوينىڭدىن كەتتىم ژىراقلاپ،
كەچۈرگىن، ئەيىپكە بۇيرىما مېنى!

※ ※ ※

مەيلى سەن مەي ئىچكىن، كەيپى ـ ساپا ئەت،
قىز سۆيۈپ ئوينىغىن، مۇرادىڭغا يەت.
ھاياتتا نە قىلساڭ قىلغۇنو ئەمما،
تۇغۇلغان ئېلىڭگە قىلما خىيانەت!

※ ※ ※

شان ـ شەرەپ ۋە نومۇس بىر ـ بىرىگە رام،
شەرەپ داغلىق ئارتتۇرار، نومۇس ئېتەر كام.
يۈز تۇغرا ئىش قىلساڭ كۆزگە چېلىقماس،
بىر خاتا كەتكۈزسەڭ بولىسەن بەدنام!

※ ※ ※

ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىنسانلارمۇ بار،
نەپرەتكە سازاۋەر بولغانلارمۇ بار.
ھۆرمەت ئۇ ـ كىشىگە ئۇلۇق مۇكاپات،
نەپرەت ـ كىشىگە ئەڭ ئېغىر جازا!

※ ※ ※

بىر سىنىڭ ئۆلىمى ـ ئەلنى ژىغلاتتى،
بىر سىنىڭ ئۆلىمى كىشىنى شاد ئەتتى.
ئۆلۈم ئۇ ـ ئاخىرقى لىللا تارازا،
ھەركىمنىڭ باھاسىنى نەق بېرىپ كەتتى!

※ ※ ※

بىز ئۆلۈپ كېتىمىز ـ جاھان قالىدۇ،
سۆيگەن يار، ئارزۇلۇق قىز ـ ئوغلان قالىدۇ.
دۇنياغا ئۇنچىلىك ھېرىس بوپ كەتمە،
ژىققان پۇل، خانۇ ـ مان ئەشيان قالىدۇ!

* * *

ژىتىم سەن، ئەگەر ئوز ئېلىڭ بولمسا،
قولۇڭدا دۆلىتىڭ ـ يېرىڭ بولمسا.
دۇنياغا كەلگىنىڭ ـ كەتكىنىڭ بىكار،
هاياتتىن بىر قېتىم كۆڭلىڭ تولمسا.

* * *

بۇ دۇنيا بولسىمۇ شۈنچىلىك كەڭرى،
بىزلەرگە ئازاتلىق بەرمىدى تەڭرى.
تەڭرىمىز هۇرلىكنى سوغات قىپ بەرمەس،
هەر خەلق ـ ئۆزىگە ـ ئۆزى مۇرەببى!

* * *

*شاھ بولۇپ ئۆتەمسەن يە شاهنىڭ قۇلى،*
*سېنىڭ ئۆز قولۇڭدا تەغدىر ئاچقۇچى.*
*كىم بولۇش ئۆزەڭنىڭ ئىلكىڭدە تۇرسا،*
*نە ئۈچۈن تەغدىردىن كۆرسەن ئۇنى؟*

* * *

ئەركىنلىك ئىزدىدۇق زىنداندا ياتتۇق،
زىنداندا دۇنيانىڭ ئازاۋىن تارتتۇق.
ۋا لېكىن خەلقىمنىڭ تارتقان ئازاۋى،
مەن تارتقان ئازاپتىن مىڭ هەسسە ئارتۇق!

* * *

سەن ئېدىڭ، قەلبى پاك دىلپىكار، دىلبەر،
تاپالماي ئۆتتۇڭ سەن، ياخشى يار، دىلبەر.
ئۆزىگە مۇناسىپ يار تاپالمىغان،
يالغۇزلا سەن ئەمەس، مەنمۇ بار، دىلبەر!

* * *

*هەقىقىي پالۋاننىڭ يېنى يەرگە تەگمەس،*
*مەرت ئوغۇل دۆشمەنگە بېشىنى ئەگمەس.*
*تۇرمىلەر، ئازاپلار ئاڭا بىر تىيىن،*
*باتۇرنى هېچقاچان دۇشمەن يېڭەلمەس.*

* * *

ئۇيغۇرمەن، تۈركىي مەن، تۈرك ئەمەسمەن،
تۈركچە: تەقىيە ـ بۆرك ئەمەسمەن.
بېشىمدا ئۇيغۇرنىڭ ئۆز دوپپىسى بار،
هەر كىم كېيىپ، دەسسەرگە كۆرۈك ئەمەسمەن!

* * *

*تالاي خەختىن قالغان دۇنيا خانىسى،*
*بىزلەردىنمۇ يەنە ئېشىپ قالغۇسى.*
*كىمنىڭ ياشاپ ئۆتكىنىنى كىم بىلسۇن،*
*بۇ دۇنيادا قالمىسا ئىز ـ تامغىسى!*

* * *

هايات يولى ئەگىر ـ توقاي، ئېگىز ـ پەس،
شۇ يوللاردىن سۈرۈنمەستىن ئۆتۈش تەس.
سۈرۈنسەڭمۇ، دەس تۇرغىنىدە، ئالغا ماڭ،
ئىنتىلمىگەن ئەرگە بەخت يار ئەمەس!

* * *

*ۋەتىنىمنى كۆرەلمىسەم هۇردەمدە،*
*داۋايىم بار خودايىمغا مەخشەردە.*
*ئەگەر ئۆلسەم، دوستلار، مېنىڭ يۈزۈمنى،*
*قارىتىڭلار قىبلىگە ئەمەس، قەشقەرگە.*

* * *

سابىتجاننى بىر كۆرۈشنى خالارسەن،
بەلكى ئۇنى كۆرەلمەيمۇ قالارسەن.
تىرىكىدە كۆرەلمىگەن شائىرنى،
موشۇ ئۆلمەس قۇرلىرىدىن تاپارسەن!

* * *

قانچە ئۆتكۈر بولسا ئىنسان زېرەكلىكى،
يوشۇرۇنۇپ قالار دۇنيا هېكمەتلىرى.
ئەسلى مەخسەت: شۇ سىرلارنى ئېچىشتادۇر،
شۇندىن چىقار ئۆگىنىشنىڭ كېرەكلىكى.

* * *

*تامچە ـ تامچە سۇ ژىغىلىپ دەريا بولۇر،*
*زەررە ـ زەررە قۇم ژىغىلىپ دۇنيا بولۇر.*
*سەن هاياتتا كىچىك ئىشتىن قول تارتمىغىن،*
*شۇ كىچىكتىن ئۇلۇق ئىشلار پەيدا بولۇر.*

* * *

ئىنسان قەلبى قوبۇل قىلماس زوراۋاننى،
زورلۇق ـ تەننى بويسۇندۇرار، شەپقەت ـ جاننى.
دىل مۇلكىدە سۇلتان بولۇپ قالاي دېسەڭ،
شەپقەت بىلەن قايىل ئەتكىن، سەن ئىنساننى!

* * *

*بەزىلەرنىڭ ئەقىلى بار، ئامىتى يوق،*
*بەزىلەرنىڭ ئامىتى بار، ئەقىلى يوق.*
*ئامەت بىلەن كۆتىرىلگەن پادىشادىن،*
*ئەقىل بىلەن كۆتىرىلگەن بالا ئارتۇق!*

* * *

بۇ هاياتنىڭ موشۇنداق بىر قانۇنى بار:
هەر ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس غۇرۇرى بار.
مەغرۇر ئىنسان سۇلتانغىمۇ بېشىنى ئەگمەس،
خوشامەتچى ئۆلۈككىمۇ تازىم قىلار!

* * *

*ئەي ئۇيغۇرۇم، ساڭا سادىق ئوغۇلۇڭ مەن،*
*خىزمىتىڭنى قىلىدىغان بىر قۇلۇڭ مەن.*
*ژۇكى ئېغىر كارۋىنىڭنى سىلجىتىشتا،*
*يانداق ئېتىڭ بولالىسام بولغىنىم مەن!*

* * *

گۈزەل ئەخلاق ـ چىرايىڭنى گۈل قىلىدۇ،
چوڭقۇر بىلىم ـ يوللىرىڭنى نۇر قىلىدۇ.
گۈزەل ئەخلاق، چوڭقۇر بىلىم، چىن مۇهەببەت،
كىمدە بولسا، بۇ دۇنيادا دۆلەتمەن شۇ!

* * *

*تالىيىمنىڭ يېرىمى ئاق، يېرىمى قارا،*
*ژۈرىكىمنىڭ يېرىمى ساق، يېرىمى يارا.*
*نېمە ئۈچۈن كۆڭلۈم پۈتۈن بولمايدۇ دېسەم،*
*ئەسلى شۇنداق كام يارالغان ئېكەن بۇ دۇنيا!*

* * *

ئادەملەر بار كۈندەك كۈلۈپ تۇرىدىغان،
ئادەملەر بار، شۇۋۇرغان بوپ ئۇرىدىغان.
شۇۋۇرغاندەك كۆكۈللەردىن ساقلا تەڭرىم،
بۇ دۇنيادا كام بولمىسۇن ياخشى ئىنسان!

* * *

سەپەر يېقىن مەن ئىتمنى توقۇپ قويدۇم،
ئات ئۈستىگە ئاق يوپۇقنى يېپىپ قويدۇم.
«مەن كېتىمەن، سىز قالسىز، دوستلىرىم»دەپ،
نەزمە يېزىپ، تاۋۇتۇمغا ئېسىپ قويدۇم!

* * *

بۇ ئالەم تۆرلۈك ـ تۇمەن سىر تېپىشماق،
ئاسان ئەمەس بۇ سىرلارنى ئېچىپ چىقماق.
سىرلارنىڭ تېگى ـ تەھتى ئېچىلغىچە،
دۇنيانىڭ ئۆزى قېرىپ تامام بولماق.

* * *

فىزىكلار ـ ئەجەل ئوقى تەييارلىدى،
خېمىكلار ـ بار ئالەمنى زەھەرلىدى.
ئۇلاردا ئەقىل ـ ۋىژدان بولسا ئەگەر،
دۇنيانى مۇنچە خاراپ ئېتەرمىدى؟

* * *

زەرگانىڭ قولىدىكى زەر بەختلىك،
دېخاننىڭ ئەجرى سىڭگەن يەر بەختلىك.
بەختىڭنى ئىزدىمىگىن ئۆزگە ئەلدىن،
ئۆزىنىڭ ئېلى بىلەن ئەر بەختلىك.

* * *

دوستلىرىم، سىلەر بىلەن بەختلىك مەن،
باتۇرمەن، پادىشاھ مەن تەختلىك مەن.
ئايرىلىپ قالسام ئەگەر دوستلىرىمدىن،
ئاجىزمەن، بىچارىمەن، ۋەھىملىك مەن!

* * *

ھاياتتا ئاتمىش ياشاپ، داۋان ئاشتىم،
كۆپ كۆرۈپ، كۆپىنى بىلىپ دانالاشتىم.
قانچىلىك ئاقىل بولدۇم دېسەممۇ مەن،
تۇرمۇشتا تالاي قېتىم خاتالاشتىم!

* * *

ياشلىغىڭ ـ چېچەك ئاتقان باھار چېغىڭ،
قىرانلىق ـ ئالغۇر قۇشتەك، ئالار چېغىڭ.
قېرىلىق ـ ئۆمۈر بويى ژىغقىنىڭنى،
ئۆز خەلقىڭگە بېرىدىغان مالدار چېغىڭ!

* * *

بۇ دۇنيا ـ مېۋىلىك باغ، مېۋىلىگەن،
ھەر ئادەم ئۆز رىزقىنى تېرىپ يېگەن.
بەزىلەر ـ شۇكرى قىلار تاپقىنىغا،
بەزىلەر ـ ئېگىز شاختىن ئېلىپ يېگەن.

* * *

ھاياتتا، دۆلەتمەنگە باشقا كۆرۈم،
مەزلۇملار پەقىرلەرگە باشقا كۆرۈم.
تەڭرىنىڭ ئادىللىغى شۇ ئەمەسمۇ،
شاھقىمۇ، گاداغىمۇ بىرلا ئۆلۈم!

* * *

ئۆزەڭنى «بەختلىك» دېسەڭ ـ بەختلىكسەن،
ئۆزەڭنى «بەختسىز» دېسەڭ ـ بەختسىزسەن.
بەختنىڭ ئۆلچىمى يە، مودېلى يوق،
تەڭرىنىڭ بەرگىنىگە رازىمۇ سەن؟!

* * *

ژىراقتىن كۆز تاشلىدۇق ئەخلاققا بىز،
جان ئاتتۇق، بايلىق، مەنسەپ، ئاتاققا بىز.
ئايرىلىپ ئادەمچىلىك ئار ـ نومۇستىن،
ئايلاندۇق، ئاخچىسى كۆپ ئاخماققا بىز.

* * *

بېشىغا چۈشكەندە بىر قىيىن سەۋدا،
تەختىدە ئولتۇرۇپ ھەسرەت چەكتى شاھ.
ئادەملەر قانچىلىك مەغرۇر بولسىمۇ،
بەرىبىر، تەغدىرنىڭ ئالدىدا گۇمراھ!

* * *

جاھاننى ئالماقچى بولۇپ ئىسكەندەر،
دۇنيانىڭ يېرىمىنى زەبىت ئەتتىلەر.
ئاقىۋەت ئۇنىڭغا تەككىنى پەقەت،
تۆرت مېتىر ماتايۇ، ئىككى مېتىر يەر!

* * *

ھاياتتا دوست تولا، دىلداشلىرىڭ ئاز،
سىر ئېيتىپ مۇڭدىشار مۇڭداشلىرىڭ ئاز.
ئىچ سىرىڭ ئېيتقىدەك دوستۇڭ بولمىسا،
پادىشاھ بولساڭمۇ سەن ژىتىم تەنھاز!

* * *

بىرەۋگە دوست بولساڭ ـ دوستلۇق تېرىيسەن،
بىرەۋگە قەست قىلساڭ ـ قەستلىك تېرىيسەن.
ياخشىلىق، يامانلىق ئۆزەڭدىن ئاشماس،
«نېمىنى تېرىساڭ، شۇنى ئورۇيسەن!»

* * *

لوقماندىن سوراپتۇ كېلىپ بىر ئەرەپ:
«شۇنچىلىك بىلىمنى نەدىن ئالدىڭ؟» دەپ،
ئۇ دەپتۇ ـ «ئادەملەر مېنىڭ ئۇستازىم،
ياخشىدىن ئۈلگە ئالدىم، ياماندىن ئىبرەت».

* * *

قىش ئۇزاق بولسىمۇ، ئىنتىھاسى بار،
زۇلمەتنى يورىتار نۇر زىياسى بار.
بېشىڭغا كۈن چۈشسە ئاھ ئۇرۇپ كەتمە،
ھەر قانداق دەرتىڭمۇ بىر داۋاسى بار!

* * *

داھىنىڭ ئۆلگىنى ـ دۇنيا ئۆلگىنى،
ئاسماندا پارلىغان قۇياش سۇنگىنى.
ئەقلىنىڭ قۇياشى يوقالغان ئېكەن،
دېمەككى: جاھالەت ھۆكۈم سۈرگىنى!

* * *

ـ ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگا بىلىدۇ،
دانانىڭ قەدرىنى، دانا بىلىدۇ، ـ
دانالار ئىلىمگە ئاشنا بولۇر،
نادانلار ئىلىمنى نېمە قىلىدۇ؟!

* * *

مەن كەمتەر كىشىنى ھۆرمەت قىلىمەن،
كۆرەڭنى كۆرگەندە نەپرەتلىنىمەن.
بۇ ھۆرمەت ـ نەپرەتنىڭ بائىسى شۇكى:
دانا كەمتەر بولىدۇ، نادانلار كۆرەڭ!

* * *

مەن خۇشتار ئەمەسمەن ئەرزەن ئاتاققا،
ئەجرى قىسپ، گۈل تېرىپ كېلىمەن باققا.
قەلەمكەشلىك ئەجرى بولمىسا ئەگەر،
ناۋائىي ياشىماس ئېدى بۇ چاققا.

* * *

ئىلىم بىر دەرەختۇر ھەرگىز قۇرىماس،
ئىلىمسىز قاراڭغۇ دىللار يورىماس.
ئىلىم ـ ئۇ ھەر قانداق دەرتلەرگە داۋا،
ئۇنى دوست تۇتقانلار خارلىقتا قالماس.

* * *

مۇھەببەت يوللىرى ـ ھامان تېيىلغاق،
بىر يېقى بېھىشتۇر، بىر يېقى دوزاق.
جانانىنىڭ ۋىسالى ـ مىسالى جەننەت،
ئايرىلىش ئازاۋى ـ گوياكى دوزاق!

* * *

ئەي تەڭرىم ـ ئەقلىنى بېرىپسەن ماڭا،
شۇ ئەقلىم تۈپەيلى: ئىشەندىم ساڭا.
دېمەككى: ئۆزەڭ مېنى مۆمىن يارىتىپ،
نە ئۈچۈن دوزاقنى بۇيرۇيسەن ماڭا!

* * *

ئۇيغۇردا شائىر كۆپ، شېئىرلار يازغان،
ھەممىسى تالانتلىق، ھەممىسى ئۇبدان.
گەر بىزدە تالانتلار شۇنچە كۆپ بولسا،
نە ئۈچۈن چىقمىدى، داڭلىق غەزەلخان؟

* * *

تۇغۇلغان ئىكەنسەن، ئۆلمىگىڭ ھەقتۇر،
ئاخىرەت كۈنىنى كۆرمىگىڭ ھەقتۇر.
ياخشىلىق ـ يامانلىق قىلغان ئىشىڭدىن،
تەڭرىگە ھېساۋات بەرمىگىڭ ھەقتۇر!

* * *

بۇ ئالەم كەڭ، ھەممە ئادەم پاتىدۇ،
تىرىشقانلار ئۆز بەختىنى تاپىدۇ.
ئامال قانچە، بىزدە شۇنداق جانلار بار:
چايان ئوخشاش بىر ـ بىرىنى چاقىدۇ!

* * *

زىيالىي ـ ياخشى بولسا، ئەلنىڭ ھۆرمىتى،
ئەقىلسىز ـ نادان بولسا، ئەلنىڭ كۈلپىتى.
كۆردىڭغۇ: «زىيالىي» دەپ ئاتاق ئالغانلار،
مەنسەپكە تىگىشتىنغۇ، مىللەت ئەركىنى!

* * *

تېنىڭ تازا، يەتتە مۇچەڭ ساق بولسا،
ۋىژدانىڭ پاك، كۆڭلۈڭ سېنىڭ ئاق بولسا،
سەن ئۆزەڭنى بۇ دۇنيادا پادىشاھ بىل،
ئېلىڭ ئازات، خەلقىڭ ئەگەر شاد بولسا.

* * *

بىرىنچى دۈشمىنىڭ ـ ئۇ نادانلىقىڭ،
ئىككىنچى دۈشمىنىڭ ـ ئۇ زەھەر تىلىڭ.
ئۈچىنچى دۈشمىنىڭ ـ ئارىڭنى تۆكۈپ،
ئەلگە سەت كۆرسەتكەن ئەسكى قىلىقىڭ!

* * *

ئالەمگە نۇر چاچالايدۇ ـ ھەقىقەت،
كۆكۈلگە يول تاپالايدۇ ـ ھەقىقەت.
قىلىچ بىلەن ئالالمىغان قورغاننى،
قەلەم بىلەن ئالالايدۇ ھەقىقەت!

* * *

ماقال بار قېدىمدىن ئېيتىلىپ كەلگەن،
«ھەقىقەت ئېگىلۇر، سۇنمايدۇ» ـ دېگەن.
بىراق شۇ ھەقىقەت يېگىپ چىققىچە،
قانچىلىك قۇربانلار بېرىدۇ ـ ۋەتەن!

* * *

بۇ ئالەم مەڭگۈلۈك، ئۆمۈرۈڭ چەكلىك،
«يالت» قىلىپ، بىر يۇلتۇز كۆچتى دېمەكلىك.
دۇنياغا باقىۋەنت ئەمەس ئىكەنسەن،
كۆرەڭلەپ كەتمىگىڭ، سېنىڭ گۆدەكلىك.

* * *

ئەڭ ئۇلۇق دەريالار جىمجىت ئاقىدۇ؛
ئانا يەر باغرىغا سىڭىپ ئالىدۇ.
ئەڭ ئۇلۇق ئادەملەر ئۆلمەيدۇ ئەسلا،
خەلقىنىڭ قەلبىدە ياشاپ قالىدۇ.

* * *

ئەتىگەندە ۋاڭ ـ چۇڭ بىلەن باشلىنار ھايات،
كەچ كىرگەندە بېسىپ كېلەر قاراڭغۇ زۇلمات.
شۇ بىر كۈننىڭ ئۆتىشى ـ ئۆمۈرگە قىياس،
ھاياتلىقنىڭ ئاخىرى، چوقۇم ئۇ، مامات!

* * *

ئەتراپىڭدا چۆرگىلىشىپ ۋۇرەر كۆپ جانلار،
بەزىلىرى دوست ئۇلارنىڭ، بەزىسى ئەغيار.
ياشاي دېسەڭ سەبىلەردەك غەمسىز بىئازار،
بولماق كېرەك قېرىلاردەك دانا ۋە ھوشيار!

* * *

تۇپراق ئىدۇق، ئىنسان بولۇپ كەلدۇق ھاياتقا،
تەغدىر شامىلى ئۇچاردى بىزنى ھەر ياققا.
ئارمىنىم شۇ: توپىدىن پۈتكەن جىسمىم،
كەتسە ئىدى قوشۇلۇپ، ئانا تۇپراققا!

* * *

تىرىكىڭدە جەڭچى بولغىن، ئۆلگەندە شېھىت،
ئۇندىن ئارتۇق بەخت بارمۇ، ئويلىغىن ۋىگىت!
ئۆزەڭ غازى مەقامىغا يېتەلمىسەڭمۇ،
شۇلاربىلەن دوست بوپ ياشاش ئۆزى بىر بەخت!

* * *

بىر قارىساڭ كۈلۈپ تۇرغان خۇددى پەرىزات،
بىر قارىساڭ جان ئالغۇچى رەھىمسىز جاللات.
شەپقەتلىكمۇ، دەھشەتلىكمۇ ئۇندا مۇجەسسەم،
ئايال زاتى مانا شۇنداق سىرلىق مەخلۇقات!

* * *

ئوغاق تۇتۇپ ئۆتۈپتىكەن، رەھمەتلىك ئاتام،
قەلەم تۇتۇپ ئۆتتۇم مەن بولۇپ غەزەلخان.
ئاتام بەرسە خەلقىمنىڭ دەستىخىنىغا نان،
مەن ياقىمەن خەلقىمنىڭ قەلبىگە گۈلخان!

* * *

ئادەملەرنى سىنايدۇ مونۇ ئۈچ پۇرسەت:
ئۇنىڭ بىرسى ـ قىيىنچىلىق، ھە بىرسى دەۋلەت.
ئۈچىنچىسى ئۆمۈرنىڭ ئۇزاق يولىدۇر،
شۇ چاغدىلا بىلەلەيسەن ئادەمنى پەقەت!

* * *

تەغدىر سېنى ئايرىسىمۇ ئانا يۇرتىڭدىن،
ئايرىسىمۇ ھەتتاكى ھايات ئوتىڭدىن.
ھەممىدىن ئايرىلساڭمۇ چىدىغىن، بىراق،
ئايرىلمىغىن ئەلگە دېگەن مۇھەببىتىڭدىن!

* * *

ئاتا ـ ئانا، قېرىنداش، پەرزەنت، سۆيگەن يار،
ھاياتىڭنىڭ گۈزەللىكى، خۇشلىغى ئۇلار.
تىرىك چاغدا قەدىرلە، ئاسرا ئۇلارنى،
ئۆلگەن چاغدا ئاھ ئۇرۇپ، ژىغلىغان بېكار!

* * *

لاچىن ئۇچقان بۈيۈكتە، ھاڭگۇت ئۇچالماس،
بۈركۈت قونغان قىياغا، قۇزغۇن قونالماس.
لاچىن قەپەزگە چۈشسە ھەجەپلەنمىگىن،
توڭ قارغىنى تۇتۇپ، ھېچكىم قەپەزگە سالماس.

* * *

ئەقىل باشقا، تاپقۇرلۇق پاراسەت باشقا،
ھەۋەس باشقا، ھەقىقى مۇھەببەت باشقا.
ئىشقى يوق قەلبلەر ـ سوغۇق جەسەتدۇر،
ئاشىقلارنىڭ ژۇرىگى ـ ئوخشار قۇياشقا!

* * *

«چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق»
ئىككى ژۇرەك بىر ئوتتا كۆيگەن چىرايلىق.
ھاياتلىقتا سۆيگەن بىر يارىڭ بولمىسا،
تىرىك بولۇپ ژۇرگەندىن ئۆلگەن چىرايلىق!

* * *

ئۆمۈر ئۆتەر: بىردە خوشال، بىردە قايغۇلۇق،
تىرىك جاننىڭ بىر كۈنى ئاچ، بىر كۈنلىرى توق.
ئۆتكەن ئۆمۈر ئۇچقان قۇش قايتىپ كەلمەيدۇ،
شۇنداق ئېكەن، ھەر دەمنى قىممەت تۇتقۇلۇق!

* * *

ئەجدات بىزگە قالدۇرۇپتۇ كۈرەش قىلىشنى،
كۈرەش قىلىپ ئەركىنلىكنى قولغا ئېلىشنى.
مەن خالايمەن، ئەۋلادلارغا قۇللۇقنى ئەمەس،
ئازات ۋەتەن، ھۆر ھاياتنى مىراس قىلىشنى.

* * *

دۇنيا ئۇلۇق بېنادۇر، سەن بىر كىرپىچ بولۇپ قال،
ھايات ئۇلۇق دېڭىزدۇر، سەن بىر تامچە قۇيۇپ قال.
ئەگەر ئىنسان ئېكەنسەن، ئىنسانىيەت بەختىگە،
ئاز بولسۇنۇ، كوپ بولسۇن ئۆز ھەسسەڭنى قوشۇپ قال!

* * *

ئۆلۈپ قالسا، بىر تۆگە، كېتىۋېرىدۇ كارۋان،
قۇرۇپ كەتسە بىر دەرەخ، كۆكلە ۋېرىدۇ ئورمان.
سەن ئۆزەڭنى ئاسمانغا تۈرۈك بولدۇم ـ دېمىگىن،
سەن كۆتىرىپ تۇرمىساڭمۇ، تۇرىۋېرىدۇ ئاسمان!

* * *

ئامەت كەلسە بىرىگە، تالىيدىن كۆرىمىز،
بەلا كەلسە بېشىغا تەغدىرىدىن كۆرىمىز.
ئاتمىش ياشقا كىرسەكمۇ «ئەجرىڭ ـ بەختىڭ» ـ دېگەن،
ئاددى بىر ھەقىقەتنى چۈشەنمەستىن ژۈرىمىز!

* * *

زامان ـ ئانا، بىز ـ بالا، تۆرەلگەنمىز ئاڭا باپ،
ھەتتا مىجەز ـ خۇلقىمىز كېتىدۇ ئاڭا ئوخشاپ.
ھېچ كىشى ئۆز دەۋرىنى تەرىك ئېتىپ كېتەلمەس،
ئەگەر تەرىك ئەتسە ئۇ: يە دانىشمەن، يە ئاخماق!

* * *

چېقىلغان چۈشۈپ ناگاھ، كۈل بولدى بىر قارىغاي،
قارچۇغىغا يەم بولدى، سايراۋاتقان بوز تورغاي.
ئەزرائىلنىڭ قانىتى ئاستىدا ھەر تىنىمىڭ،
ئۆلۈمگە يەم بولار سەن، ئەجەل يەتسە، تىن تاتماي!

* * *

باتۇر بولساڭ ئەردەك بول، ئەل تەغدىرىن ئويلىغان،
سېخى بولساڭ يەردەك بول، ھەممە جاننى تويدۇرغان.
قەيسەر بولساڭ تاغدەك بول، قارا بوراننى تورىغان،
كەڭرى بولساڭ كۆكتەك بول، بار جاھاننى ئورىغان!

* * *

كارۋان قۇتلۇق سەپەرگە ئاتلىنىپ ماڭغان ئېدى،
خور ـ خور ئىشتلار چىقىشىپ، تۇشمۇ ـ تۇشتىن قاۋىدى.
ئىشت نېمىشكە قاۋايدۇ ـ دەپ ئاڭا ھەيران بولمىغىن،
سۇيەك بەرگەن ئېگىسىنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلىدى!

* * *

بىر كۈلۈشكە ئەرزىمەيدۇ، ئالتە كۈنلۈك دەۋلىتىڭ،
بايلىغۇ مەنسەپ ئۈچۈن قىلغان كىبىرلىك ـ سەۋلىتىڭ.
بىر ماقال بار: «ئەر ئۆلەر، ئەرلىگى ئۆلمەس» ـ دېگەن،
ئەلنى رازى قىلالىساڭ، شۇ سېنىڭ ئۆلمەسلىگىڭ!

*    *    *

خەلق ئېيتۇر: «ئۆز ئېلىڭدە خۇددى بىر شاھزادەسەن،
ئۆز ئېلىڭدىن ئايرىلىپ قالساق ئەگەر دىۋانەسەن!»
مەن ئېيتىمەن: «ئەل دېگەن، ئادىمى بىرلەن گۈزەل،
دوست ـ قاياشىڭ بولمىسا، ئۆز ۋەتىنىڭدە ھەم بېگانە سەن!»

*    *    *

بۇ ھاياتتا ھەر كىشىنىڭ ئۆز مەقامى، ئورنى بار،
بەزىسى ئەلدە ئەزىزدۇر، بەزىسى ئىشتىننىمۇ خار.
ئەل ئۈچۈن جان ئاتىغانلار ھەممە جايدا مۆھتەرەم،
ئۆزى ئۈچۈن ياشىغانلار ـ ھەر قاچان بېئېتىۋار!

*    *    *

تەلىيىم يوقتۇر ئەزەلدىن، ئامىتىم ئاندىن بېتەر،
گەر بېخىمغا مېۋە تەرسەم يازدىمۇ ئۈششۈپ كېتەر.
تەلىيىمنىڭ يوقىغا ھەيران ئەمەسمەن ھېچقاچان،
ـ مىللىتىمدە بولمىغان بەخت مېنىڭدە نە ئېتەر؟!

*    *    *

قەدرىمنى بىلگەنلەرگە ـ كۆكتە ئۈچقان قىران مەن،
قەدرىمنى بىلمىگەنگە ـ يەردە ژۇرگەن قۇمايى مەن.
قىراننى كىم قۇمايى دېسە ـ چوڭ ھاقارەت ئەمەسمۇ،
شۇ خورلۇقتىن ساقلىغىن ـ دەپ خۇدايىمدىن تىلەيمەن!

*    *    *

مەن ھاياتنى ئوخشىتىمەن ئادەم بىلەن ھاۋاغا،
مەن ھاياتنى ئوخشىتىمەن گۈلخان بىلەن لاۋاغا.
گۈلخان ئۆچسە كۈلى قالار، ئادەم ئۆلسە جەسەدى،
مۇسەپپا روھ ئۇچۇپ كېتەر، ئەسلى زاتى خۇداغا!

*    *    *

سەن خالىدىڭ ۋىجدان سېتىپ، بايلىق، مەنسەپ تېپىشنى،
مەن خالىدىم «مىللەتچى» بوپ، زىندانلاردا يېتىشنى.
«مىللەتچى» نام ئالغىنىمغا، رەنجىمەيمەن ھېچقاچان،
خەلقىم بىلەر: كىمنى قارغاپ، كىمگە ئالقىش ئېتىشنى!

*    *    *

بىر بېشىمدا مىڭ سەۋدابار، بەرى ۋەتەن سەۋداسى،
ژۇرىگىمدە يېنىپ تۇرغان، شۇ مۇھەببەت لاۋاسى.
قەلبىم ـ غەمناك، جىسمىم ـ مەجرۇھ، بىر ئۆمۈر بىمارىمەن،
ئانا ۋەتەن ئىستىقلالى ـ دەرتلىرىمنىڭ داۋاسى!

*    *    *

ئەي، خۇدايا، يارىتىپسەن، دۇنياغا ھەر خەلقنى،
بىرلىرىگە ئامەت بېرىپ، بىرلىرىگە يوقلۇقنى.
تازا ۋىجدان، ئەھلى ئىمان ئۇيغۇرنى ئاز يارىتىپ،
نېمانچە كۆپ ياراتقانسەن خىتايى دېگەن مەخلۇقنى!

*    *    *

كەڭ ئالەمدىن نېمە پايدا، كىيگەن كىيىمىڭ تار بولسا،
ھۆر دۇنيادىن نېمە پايدا، خەلقىم مېنىڭ خار بولسا.
بۇ دۇنيانى ئەينى جەننەت، خەلقىمنى ھۆر ـ دەر ئېدىم؛
ئانا يۇرتۇم ـ مۇستەقىل، خەلقىم بەختىيار بولسا!

* * *

ئەي، ئۇيغۇرۇم، ئەزەلدىنلا كۈرەشلەردە باتۇر سەن،
ئالىم ـ دېسە ئالىم سەنۇ، شائىر دېسە ـ شائىرسەن.
شۇندىمۇ يورۇق جاھاندا سەن كەبى بىچارە يوق،
چۈنكى ياتقا خوشامەتچى، ئۆز خەلقىڭگە زالىم سەن!

* * *

بىر زامانلار ياش ئىدىم مەن، شوخ ئىدىم، بەگۋاش ئىدىم،
مانا ئەمدى سارغىيىپ كۈزدەك يوپۇرماق تاشلىدىم.
تەبىئەتتە قىشى كەتسە، يەنە باھار كېلىدۇ،
باھار قايتىپ كېلەر، لېكىن كەلمەس مېنىڭ ياشلىقىم.

* * *

كۈندە ھەم قالماس ھارارەت، ئوتى ئۆچكەندىن كېيىن،
كۆزلىرىڭدىن نۇر كېتەر، يۇلتۇزى كۆچكەندىن كېيىن.
ھاياتىڭنىڭ بارىدا نۇرۇڭنى ئەلگە چېچىۋال،
بىر ئوچۇم تۇپراق بولارسەن، يەرگە چۈشكەندىن كېيىن!

* * *

ساڭا دوست بوپ ژۇرگەنلىرنىڭ ھەممىسى ھاتەم ئەمەس،
مىننەت قىلىپ بەرسە ئالتۇن، ئۇ ساڭا ھەمدەم ئەمەس.
شۇندىمۇ تۆھمەتچىلەردىن ساقلىنىپ تەگرىم مېنى،
دوستىنى دۈشمەنگە ساتقان، ھېچقاچان ئادەم ئەمەس!

* * *

ھەقىقەتنى تۇتسا ھەركىم، دۆلىتى كامال بولۇر،
ھەقىقەتتىن ئايرىلىپ كۆرگەن كۈنى زاۋال بولۇر.
ھەقىقەتنىڭ تارازىسى قازىنىڭ قولىدادۇر،
قازىسى پۇلغا سېتىلسا، ھەقىقەت پايمال بولۇر!

* * *

باھار كەلسە، تاشنى يېرىپ، ئۈنۈپ چىقار گىيالار،
قاراڭغۇنى چېكىندۇرۇپ، تاڭ ئاتقۇزار زىيالار.
تەبىئەتتە تاڭ ئاتمىغى ـ مۇتلەقەن قانۇندۇر،
شۇنداقتىمۇ توسماق بولار، ئەقلى قىسقا نادانلار!

* * *

ئەقلى ھوشيار بولمىسا، ئادەم دېگەن بىھۇش كەبى،
ئۆمۈرۈڭ ئۆتەر گويا، تۈنلەردە ئۇچقان قۇش كەبى.
ئاستىدا قالار گۈزەللىك، ياخشىلىق، ئىزگۈ تىلەك،
راھىتىڭ، ئازاپلىرىڭ گوياكى كۆرگەن چۈش كەبى!

* * *

يۈگنەكى ئەما تۇرۇپ، كۆرۈپتۇ ئالەم سىرىنى،
كۆزى بارلار كۆرمىگەنغۇ ئۇنىڭ مىڭدىن بىرىنى.
گەۋدىسىدە بېشى بارنىڭ ھەممىسى ئاقىل ئەمەس،
«ئەقىل كۆزى بولمىسا، كۆز دېگەن تام تۆشۈگى!»

* * *

ئەي ئۇيغۇرۇم، سېنى باي قىلغان موشۇ بايلىقىڭ،
يات قولىدا خارۇ ـ زار قىلغانمۇ شۇ بايلىقىڭ.
بايلىق دېگەن مىللەتنىڭ ھەم ئازاۋى ھەم بەختى،
ئاخىر سېنى قۇتقۇزۇپ ئالارمۇ شۇ بايلىقىڭ!

* * *

بۇ دۇنيادا ھەر خەلقنىڭ ئارتۇقى بار، كەمى بار،
ئالىجاناپ پەزىلىتى ھەمدە ئاجىز يېقى بار.
ئۇيغۇرۇمنىڭ موشۇنداق بىر ئادىتىدىن داغى مەن:
خائىنلارغا نەپرەتلەنمەي «ئۆز» دەيدىغان چېغى بار!

❋ ❋ ❋

كەلسە باھار، ئېرىسا قار، ئاقسا سۇلار ھەر تامان،
ئۇيغىنىپ پۈتكۈل تەبىئەت، جانلىنىپ كەتسە جاھان.
تىرىلىپ، پاسىق سۆڭەكلەر ئاستىدىن چايان چىقار،
ياخشىلارنى چېقىۋالماقتۇر، ئۇنىڭ قەستى ھامان!

❋ ❋ ❋

ئەي ئۇيغۇرۇم، ئىبادەت قىل، ھەقتىن تىلە بېھىشنى،
ئەمما لېكىن، نېمە قىلساڭ، بىلىپ قىلغىن ھەر ئىشنى.
ئۆز ئېلىڭدە ياتقا قۇلسەن، چەت ئەللەردە مۇساپىر،
سەن ژىتىمغا كىم قويۇپتۇ، ھەج ـ تاۋاپ قىلىشنى؟

❋ ❋ ❋

«قازاقىستان ئېلىم بار!» دەپ، ئۆلەڭ ئېيتتىڭ تاڭ سەھەر،
خۇش ئاۋازىڭ جاراڭلىتىپ، ئەرشى ئەلاغا قەدەر.
مەن ژۇرىمەن ئۆز ئىچىمدىن تۇتۇن بولۇپ ئۆرتىنىپ،
«ئۇيغۇرستان ئېلىم بار!» دەپ، ئېيتالماستىن بىر غەزەل!

# ئىلھام تامچىلىرى

## (بىر بەنتلىكلەر)

بەزىلەر ئادەم بولۇپ ياشاپ ئۆتەر،
بەزىلەر شۇ ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسى.
ئادەملەر باسقان يەردە ئىز قالىدۇ،
ۋالېكىن، كۆلەڭگىنىڭ قالماس ئىزى!

*

دۇنيانىڭ كەڭلىكىدىن نېمە پايدا،
باشپانا بولغىدەك جايىڭ بولمىسا.
دوستلارنىڭ كۆپلىكىدىن نېمە پايدا
بېشىڭنى سىلىغىدەك يارىڭ بولمىسا!

*

دوستلىرىڭ يۈز بولسىمۇ يەنە ھەم ئاز،
دۈشمىنىڭ بىر بولسىمۇ ئارتۇق - بۇ راس.
بىر دۈشمەن تۆككەن ئارۇ - نومۇسىڭنى،
دوستلىرىڭ يۈز بولسىمۇ تولدۇرالماس!

*

ئەسلىدە ئادەمنىڭ قەلبى بىر قۇياش،
شۇ قۇياش تۈپەيلى بىزلەر ئەزىزمىز.
دۇنيادا مۇھەببەت بولمىسا ئەگەر،
نېمىدىن ئۈنت ئالار ئېدى قەلبىمىز؟

*

ئۆزگىلەر بەختىيار بولسا كۆلمەن،
ئۆزگىنىڭ بەختىگە كۈلۈش - ساخاۋەت.
ئامما ئۆز بەختىمگە كۈلۈش ئىستەيمەن،
ئۆز بەختى بىلەن كۈلۈش - ئۇلۇق سائادەت!

*

خىزمەت قىل، ۋالېكىن مىننەت قىلمىغىن،
مىننەتسىز بولىدۇ ھەقىقى ئىنسان.
مىڭ گۆھەر بەرسىمۇ ئۈنچىقماس دەريا،
بىر تۇخۇم تۇققانغا قاقاخلار مىكىيان!

*

خەلقىنىڭ تىلى ھېچ خاتا سۆزلىمەس،
ئۇ سېنىڭ قەلبىڭنى كۆزسۈتەر ئەينەك.
ئەل سېنى «يامان» دەپ سۆزلىگەن ئېكەن،
بە تەھقىق، ئۆزەڭدە ئەيىپ بار، دېمەك!

*

تارىختا داغ بولۇپ ئىز قالدۇرغاندىن،
شۇ بىر بەت ئاق پېتى كەتكىنى ياخشى.
ۋەتەنگە پايدىسىز ئوغۇل بولغاندىن،
پايدىلىق مال بولۇپ ئۆتكىنى ياخشى!

*

يەر بېتىن ئاقارتىپ ياغدى تۈنجى قار،
قىشنىڭمۇ ئۆزىچە گۈزەللىكى بار.
قىش - پەقەت تەبىئەت ئۈچۈنلا ياخشى،
كۆڭۈلدە قىش بولمىسۇن، ياغمىسۇنچۇ قار!

*

بەزىلەر ياشايدۇ شاھانە كۈلۈپ،
بەزىلەر كېتىدۇ خورلۇقتا ئۆلۈپ.
بەختىڭنى سەن ئۆزەڭ يارىتالمىساڭ،
ھېچ كىشى بەختىنى بەرمەيدۇ بۆلۈپ!

*

ھەجەپ ئېكەن تەغدىر پەلەكنىڭ ئىشى،
خوشاللىقتىن تولا ئېكەن ئەندىشى.
سەن بېشىمغا دەرت - ئەلەملەر سالمىساڭ،
يېتەتتىغۇ بۇ دۇنيانىڭ تەشۋىشى!

*

قىران قۇش ئېگىز كۆكتەن چۆرگىلەيدۇ،
سۇر ئىلان يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەيدۇ.
قىرانمۇ، قارا يەرگە كىرەر ئاخىر،
ۋالېكىن، باتۇرلىغى كۆمۈلمەيدۇ!

# ئىككى بەنتلىكلەر

ئاچ قوساقتا ـ ئاچچىق ئوي،
توق قوساقتا ـ تاتلىق ئوي.
قوسغىڭ توق بولمىسا،
بەختىڭنى ئويلىمايلاق قوي.

كىم قوسىغى توق ئىكەن،
شۇنىڭ كوڭلى شوق ئىكەن.
بەختسىز ئۆتكەن ئۆمۈر
بوشقا ئاتقان ئوق ئىكەن.

* *

ئالىم بولغۇم كېلىدۇ،
شائىر بولغۇم كېلىدۇ.
خەلقىم ئۈچۈن ھەر ئىشقا،
ماھىر بولغۇم كېلىدۇ.

ئالىم بولغانمۇ ياخشى،
شائىر بولغانمۇ ياخشى.
ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە،
ئىنقىلاپچى بولغان ئەڭ ياخشى!

* *

يېتەر ئەمدى شۇنچە ئالدانىدۇق،
ئالدىنىپ شۇ كۆزلەرگە قالدۇق.
قىلىچ تۇتۇپ كىرىپ كەلسە، ياۋ،
گۈل كۆتۈرۈپ بىز قارشى ئالدۇق.

نادان بولغاچ ئەسلى ئۆزىمىز،
دوست ـ دۈشمەننى كۆرمەي كۆزىمىز.
«پالتا سېپى» بولۇپ غەيرىگە،
ئۆزىمىزنى چاپتۇق ئۆزىمىز!

* *

ئانا يەرنى كۆتىرىشلىك ـ دەپ،
ئارتتۇەرمە دەردۇ ـ بەلانى.
ئانا ئەلنى كۆتىرىشلىك ـ دەپ،
سالغۇەرمە جەۋرۇ ـ جاپانى.

كۆتىرىشلىك بولسىمۇ زىمىن،
ۋولقان ئاتار قەھرى باردۇر.
سەۋرى ـ تاقەتلىك بولسىمۇ خەلقىم،
سەۋرىنىڭ ئاخىرى باردۇر!

* *

قۇياشتا ھەم بار ئىمىش داغلار،
گۆھەردە ھەم بار ئىمىش غوبار.
ھېچبىر كىشى ئۇقسانسىز بولماس،
شۇڭلاشقا ئۇ «ئىنسان» ئاتىلار.

شۇڭا دوستۇم، كەچۈرمەك كېرەك،
سادىق دوستلار قىلغان خاتانى.
سادىق ئىنسان ئۆز دوستى ئۈچۈن،
كېرەك چاغدا بېرىدۇ جاننى!

* *

ھەر باھارنىڭ ئۆز گۈللىرى بار،
ھەر زاماننىڭ ئۆز گۈزەللىرى.
بۈگۈنكىگە ئوخشىماس ئەسلا،
كېلەچەكنىڭ گۈزەللىكلىرى!

شۇڭا دۈستۇم بىز ياراتقاننى،
ئەۋلاتلارمۇ سۆيىدۇ دېمە.
ئۇلارنىڭمۇ ئۆز سۆيگىنى بار،
سەن ئۇلارنىڭ غېمىنى يېمە!

* *

بايلار ۋىغدى دۇنيانى تامام،
ھېچ كىشىگە بەرمىدى ئىنئام.
ئۆزى ئۆلۈپ دوزاققا كەتتى،
ئارقىسىدا قالدى «بېخىل» نام!

باي بولمىغىن، ئىنسان بولغىن، بەس،
ۋىژدان بىلەن ئىنسان مۇقەددەس.
كىم ئايرىلسا تازا ۋىژداندىن،
دېمەككى: ئۇ چىن ئىنسان ئەمەس!

* *

ئۆز دۆلىتى يوق مىللەت بىچارە،
ياتلارغا قىلغان خىزمەت بىچارە.
ۋۇرەك باغرىڭ مىڭ پارە تۇرسا،
غادىيىپ ۋۇرگەن سۆلەت بىچارە!

ياتقا قۇل بولۇپ تۇرغاندا خەلقىڭ،
غەمسىز ياشاشقا يوق سېنىڭ ھەققىڭ.
قەلبىڭدە ھايات زوقى بولمىسا،
ئۆلۈك مۇردىدىن يوق سېنىڭ پەرقىڭ!

* *

تىرىكچىلىك ـ دەپ تىرىشىپ ئۆتەرسەن،
كۈن كەچۈرەي ـ دەپ كۈرىشىپ ئۆتەرسەن.
ئۆيىماي قالارسەن، ئۆمۈرۈڭ ئۆتەر،
لەھەت قوينىغا بىر كۈن يېتەرسەن!

ژىغلاپ كېلدۇ، ھاياتقا ئادەم،
ژىغلاپ كېتىدۇ، ئۆلگەن چاغدا ھەم.
ھاياتتا ئۆتكەن ئۆمۈرۈڭ پەقەت،
كۆزنى بىر ژۇمۇپ، ئاچقانچىلىك دەم!

* *

غۇيۇلداپ ئۇچۇپ قىرانمۇ يېتەر،
ئۆمىلەپ مېڭىپ ئىلانمۇ يېتەر.
ھاياتلىق ئۆزى – ئۆتكۈنچى دەۋران،
ساناقلىق كۈنلەر ئاخىرى پۈتەر!

قىران ئۇچىدۇ كەڭرى سامادا،
ئىلان ياتىدۇ، يەردە كامادا.
بۇ ئىككى جاننىڭ مەقامى ھەرگىز،
ئوخشاش ئەمەسدۇر، ئادىل باھادا!

* *

شائىرلار ئۇچۇن، ۋاقىت – ئۇ ئىجات،
ئالىملار ئۇچۇن، ۋاقىت – كەشپىيات.
ۋاقىت يارىتار، ھەممە يوق قىلار،
ۋاقىت ھەممىگە ھۆكۈمران ئەبەت!

شۇڭلاشقا دوستۇم ئەزىز ئۆمۈرنىڭ،
ھەر بىر كۈننىي چىڭ تۇتماق كېرەك.
ئۆتكەن كۈنىڭدىن بىر ئىز قالمىسا،
ياشىمىدىڭ سەن ھاياتتا دېمەك!

* *

ياشلىق ئۆمۈر – چېچەك ئاتقان گۈلباھار،
بۇلبۇل قونۇپ شاخلىرىغا سايرىشار.
شۇ ياشلىقنىڭ قەدرىنى ياخشى بىل،
ئۇنىڭمۇ ھەم غازاڭ بولار كۆزى بار.

كەتتى ياشلىق، كەتتى ئۆمۈر، كەتتى كۈن،
ئۆمۈر يولى – بارى يوقى يەتتە كۈن.
يەتتە كۈننىڭ ئىچىدە سەن تۇغۇلدۇڭ،
يەتتە كۈننىڭ ئىچىدە ھەم ئۆلمىگىڭ!

* *

ھەر ئادەمنىڭ ئارتۇقى بار، كېمى بار،
تولۇن ئاينىڭ يۈزىدىمۇ دېغى بار.
سەن ئۆزەڭنى «باتۇرمەن» دەپ ئويلىما،
باتۇرنىڭمۇ ئاجىز كېلەر چېغى بار!

ئامەت كەلسە بايتال چېپىپ، بەيگە ئالار،
ئامەت كەتسە، تۇلپارمۇ ھەم قۇرۇق قالار.
ئامەت دېگەن خوشامىتى تەغدىرىنىڭ،
ئۇمۇ باينىڭ قازىنىغا چۆپ سالار!

* *

شائىر ئەمەس، تۆرت قۇر سۆزنى قۇرىغانلار،
– شائىر مەن ! – دەپ مەيدىسىگە ئۇرغانلار،
ۋەتىنىدە كۈرەش قايناپ تۇرغاندا،
جەڭگە كىرمەي، چەتتە قاراپ تۇرغانلار.

شائىر شۇدۇر: ۋەتەننى چىن سۆيگەنلەر،
ئايانماستىن ئوت ئىچىگە كىرگەنلەر.
ھېكمىنۇردەك خائىن بولۇپ ياشىماي،
لۇتپۇللىدەك مەرتلىك بىلەن ئۆلگەنلەر!

* *

ئارمانلىرىم كەڭرى ئېدى ئاسماندىن،
يېتەلمەستىن ئۆتتۈم ئۇشبۇ يالغاندىن،
قانداق قىلاي، يەتكۈزمىدى كاۋ پەلەك،
پەقەت قالدى ژۈرەكتە ئىز ئارماندىن.

ئارمان قىلىپ ئۆتۈپتىكەن ئەجداتلار،
ئارمان قىلىپ ئۆتتۇق بىزمۇ جاھاندا.
بىز كۆزلىگەن، يېتەلمىگەن شۇ ئارمان،
مىراس بولۇپ قالمىسىكەن بالامغا!

* *

ياشىغچە ئاتمىش باھار قىرىنى،
كۆرۈپ ئۆتتۈم تالاي ئۆمۈر سىرىنى.
ئۆمۈر بويى شېئىر يازدىم، شۇڭدىمۇ،
تۆكتەلمىدىم ئۇنىڭ مىڭدىن بىرىنى!

شېئىرلىرىم پەرزەنتىدۇر قەلبىمنىڭ،
پەرزەندىسى ئۆزىگە ئەزىز ھەر كىمنىڭ.
ئانىلاردەك مەن بەختىيار بولاتتىم،
خىزمىتىنى قىلالىسا خەلقىمنىڭ!

* *

پەلەك بىزنى بەندى زىندان ئەيلىدى،
مۆمىن تۇرساق كاپىرغا خار ئەيلىدى.
ماڭا قانچە زۇلۇم قىلسا، مەيلىدى،
نېمە ئۇچۇن خەلقىمنى زار ئەيلىدى؟!

بۇ ھاياتتىن بىزمۇ بىر كۈن كېتەرمىز،
ھەق تائاللا ھۆزۈرىغا يېتەرمىز.
– نېمە ئۇچۇن خەلقىمنى خور قىلدىڭ – دەپ،
تەگرىسىگە ئەرىز – شىكايەت ئېيتەرمىز!

* *

ۋاقىت ئۆزى يارىتىدۇ ھەممىنى،
ۋاقىت ئۆزى يوقىتىدۇ ھەممىنى،
ياخشى – يامان ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈپ،
يېگىلايدۇ جەمىيەتنىڭ بەرىنى.

ۋاقىت ئۇقى ئۆلتەرسىمۇ، ئۆلمىگەن،
ژىللار شاملى ئۆچەرسىمۇ، ئۆچمىگەن.
بۇ دۇنيادا چىن ھەقىقى باتۇر شۇ:
ئۆزى ئۆلۈپ، ياخشى نامى ئۆلمىگەن!

* *

ئۆتتى ژىللار، ئۆتتى ئۆمۈر، ئۆتتى ياش.
ئالا تاققا ئوخشاپ قالدى بىزنىڭ باش.
ئالا تاغنىڭ مەڭگۈ يۈتمەس سۈيى بار،
بىز خەلىققە نېمە بەردۇق ئېيت ئاداش؟!

يېدىڭ، ئىچتىڭ، ئوينىدىڭ سەن ھاياتتا،
ئېلىم بار ـ دەپ ئويلىمىدىڭ، بىراقتا،
تۇققان ئەلگە بىر نېمىتىڭ يوق ئېكەن،
دېمەككى، سەن ياشىمىدىڭ ھاياتتا!

* *

ئۇلۇق ئارزۇ ـ ئېگىز چوققا كۆز تارتقان،
ئاڭا قاراپ ئىنتىلىدۇ ھەممە جان،
ئاڭا چىقىش نېسىپ بولماس ھەممىگە،
پەقەت يېتىپ چىقالايدۇ مەرت قىران.

سەنمۇ دوستۇم ئارزۇغا ئىنتىلىپ قال،
شۇڭقارىڭنى ئاققۇلارغا سېلىپ قال!
ۋىسال بەختى نېسىپ بولار، يە، بولماس،
ئەيتەۋىر، سەنمۇ كۈرەش قىلىپ قال!

* *

يېتىپ كەلگەن ئېدى ھەمەل ـ نەۋ باھار،
تاشنى يېرىپ، ئۈنۈپ چىقتى گىيالار.
تەبىئەتنىڭ قۇدرىتىگە قايىل مەن،
ناباتاتنى ئۇيغاتتى نۇر ـ زىيالار.

تاشنى يېرىپ ئۈنۈپ چىقتى بىر گىيا،
ئۇ، ئۈندىدە ئاچتى سېرىق گۈل چېچەك.
تاشنى يېرىپ چىقالمىسا، ئۇ ئەگەر،
بولماس ئېدى ئاڭا پارلاق كېلەچەك!

* *

كارۋان سېپى ئۆتكەن ئېدى مەلدىن،
ئىتلار قاۋاپ، باشقا كىيدى كوچىنى.
ـ ئىت نېمىشكە قاۋىدى، ـ دەپ ئويلىما،
ئورۇنلايدۇ ئۇلارمۇ ئۆز بۇرچىنى.

ئۇ، قاۋايدۇ گادايغىمۇ، بايغىمۇ،
ئۇ، قاۋايدۇ، كەچتە چىققان ئايغىمۇ.
ئەسكى سۈيەك تاشلاپ بەرسە ئېگىسى،
ئۆزىنى ئاتار، قارا پاتقاق لايغىمۇ!

* *

ئۇ دوست بولۇپ ياخشى ئىشلار ئىشلىدى،
ئاخىرىسىدا «پاش قىلدىدە» چىشلىدى.
ـ «دوستۇم تۇرۇپ چىشلىدى» دەپ، رەنجىمە،
چۈنكى ئۇنىڭ، ئەسلى زاتى ئىشت ئېدى!

ئەقىل ـ دېگەن يېنىپ تۇرغان شامچىراق،
قارا دىلنى يورىتىدۇ ھەممە ۋاق.
نادان بىلەن دوست بولمىغىن ھېچقاچان،
«نادان دوستتىن، ئاقىل دۇشمەن ياخشىراق!»

* *

جەڭچى بولۇپ ياۋغا قارشى ئوق ئاتتىم،
شۇ كۈرەشتە بارلىغىمنى يوقاتتىم.
ئەگەر يەنە توغرا كەلسە ياشاشقا،
يەنىلا شۇ جەڭنى تاللاپ ئالاتتىم!

ئۆلۈك ئەمەس ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلگەنلەر،
خەلقنى دەپ، ئوت ئىچىگە كىرگەنلەر.
ئەگەر بىلسە، تىرىك مۇردا ئەمەسمۇ،
ئۆزگىلەرگە ژۈك بوپ ياشاپ ژۈرگەنلەر.

* *

ۋەتەنپەرۋەر ئەرلەرنى مەن سۆيىمەن،
خائىنلارغا نەپرەتلىنىپ ژۈرىمەن،
ئۆمۈر بويى شۇ خىسلەتتە ياشىدىم،
ئۆلگەندىمۇ شۇ خىسلەتتە ئۆلىمەن.

ياخشىلارنى چىن ژۈرەكتىن سۆيىدىغان،
يامانلارغا نەپرەتلىنىپ كۆيىدىغان،
چىن ھەقىقى شائىر قەلبى شۇنداق بولۇر،
سۆيۈشنىمۇ، كۆيۈشنىمۇ بىلىدىغان!

* *

بۇ پەلەك، بىرسىنى بار ئەيلىدى،
بىرسىنى پارچە نانغا زار ئەيلىدى.
تەغدىرنىڭ تەتۈرلىگى شۇ ئەمەسمۇ،
ياخشىنى يامانلارغا خار ئەيلىدى.

توزىتىپ ۋاقىت ئۆتمۈش خاتاسىنى،
بېرىدۇ ھەركىمگە ئۆز باھاسىنى.
ياخشىلار قەدرىنى تاپماي قالماس،
تارتىسمۇ يامانلارنىڭ جاپاسىنى!

* *

كونىلار بۇ دۇنيانى «رابات» دېگەن،
ـ ھەر كىمگە بىر قېتىملىق ھايات ـ دېگەن.
ـ شۇ قىسقا ئۆمرۈڭنىڭ قەدرىنى بىل،
ھاياتنىڭ ئاخىرىسى مامات ـ دېگەن.

بۇگۈن بار، ئەتە يوق بىز بۇ ھاياتتا،
روھىمىز ئۇچۇپ كېتەر نۇر قاناتتا.
كەلگەندە بىز پىيادا كەلگەن ئىدۇق،
كېتەرمىز تۆرت ئاياقلىق ياغاچ ئاتتا!

* *

قازاقىنىڭ داڭلىق قازاقىستانى بار،
ئۆزبەكنىڭ تاشكەنت دېگەن ئاستانى بار.
بېشىدا مۇستەقىللىق تاجى، بولغاچ،
داڭقى بار، يەر يۈزىدە مەقامى بار.

ئۇيغۇرنىڭ ئېلى بارۇ، ئاستانى يوق،
يېرى بار، قۇياشلىق نۇر ئاسمانى يوق.
قولىدا مۇستەقىللىق - تۇغ بولمىغاچ،
تەڭرىدىن ئۆزگە كۆيەر دوستانى يوق!

* *

ۋەتىنىڭ - تۇققان ئاناڭ، بەخت ھۆلى،
مۇساپىر بولمىغانلار بىلمەس ئۇنى...
سېنىڭدەك، مىللىونلارنى تۇققان شۇ يەر،
شۇڭلاشقا، ئانا ۋەتەن - دەيدۇ ئۇنى!

دۇنيادا سېنى تۇققان ئەل قەدىرلىك،
شۇ ئەلنى بېقىپ تۇرغان يەر قەدىرلىك.
ئەلنىمۇ، ۋەتەننىمۇ سۆيۈش بىلگەن،
ھەقىقى ۋەتەنپەرۋەر ئەر قەدىرلىك!

* *

جۇڭغار چۆلى بىلەن سىرلىق تەكلىماكان،
خەلقىمنىڭ ئاھىن ۋۇتۇپ تۇرار ھامان.
ئۇيغۇرنىڭ ئاھىن شۇلار سىڭدۇرمىسە،
ئاسماندىن قار ئورنىغا ياغاردى قان!

دۇنياغا كەلدۇق بىزلەر ئادەم بولۇپ،
خەلقىمنىڭ ھەسرىتىگە ھەمدەم بولۇپ.
ياخشىدى بىزلەر ياشاپ ئۆتەلىسەك،
ئۇيغۇرنىڭ بىر دەردىگە مەلھەم بولۇپ...

* *

ھەي پاششا،باتۇرمەن - دەپ،كۆكسەپ كەتتىڭ،
غىڭىلداپ، كېچە - كۈندۈز قولاق يەتتىڭ.
تەككەندە بىر شاپىلاق، قاراڭمۇ يوق،
نېمەگە شۇنچىۋالا كۆرەڭلەتتىڭ ؟

بەزىلەر پاششىلاردەك غىڭىلدايدۇ،
- ھەممىدىن باتۇرمەن، - دەپ كۆرەڭلەيدۇ.
دۈشمەننىڭ قارىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ،
قاچقاندا شامال قوغلاپ يېتەلمەيدۇ!

* *

ياش ئىدىم، يېنىپ تۇرغان يالقۇن ئىدىم،
لاچىندەك، ھەر نەرسىگە ئالغۇر ئىدىم.
گۈرلىگەن ئۇ يالقۇنلار ئۆچتى ئەمدى،
كۈزگى تاڭ چەشمىسىدەك سالقىن تېنىم!

كۈن ئۆتتى، كەچكى شەپەق يۈزى كەلدى،
ياز ئۆتتى، ياپراق تۆكەر كۈزى كەلدى.
خەلقىمگە نېمە قىلىپ بەردىم مەن - دەپ،
ئۆمۈردىن ھېساپ بېرەر كېزى كەلدى!

* *

بالام سەن، كۆزۈمنىڭ جۈپ قارىغى سەن،
ئەلەملىك كۆڭلۈمنىڭ ئارامى سەن.
مەن يەتمىگەن ئارزۇلارغا يېتەلەيسەن،
دېمەككى، ئۆمرۈمنىڭ داۋامى سەن!

سەن بولغاچ، كۈندە بازار ئۆيۈم مېنىڭ،
سەن بولغاچ، خۇشۋاق ئۆتەر كۈنۈم مېنىڭ.
سەن بارسەن، ئۆلۈمنىمۇ يېڭەلەيمەن،
مەڭگۈگە جاراڭلايدۇ كۈيۈم مېنىڭ!

* *

دۇنيادا ھەر خەلقىنىڭ ئۆز نامى بار،
ئۆز يېرى، ئۆز ماكانى ئاسمانى بار.
ئەللەرگە ماختاپ ئېيتىپ كۆرسەتكىدەك،
دۆلىتى، پايتەختى، بايرىقى بار!

ئۇيغۇرۇم، پەقەت سېنىڭ دۆلىتىڭ يوق،
ئۆزەڭ بار، ئەل قاتارى ئىسمىڭ يوق.
نامىڭمۇ، نىشانىڭمۇ بولماس ئىكەن،
دېمەك، سەن تىرىك ئەمەس، بەلكى ئۆلۈك!

* *

ۋۇرەكنىڭ ھارارەت ئوتى - مۇھەببەت،
ئادەمنىڭ ھاياتقا زوقى - مۇھەببەت.
قەلبىڭدە ئىشىق ئوتى بولمىسا ئەگەر،
سەن تىرىك ۋۇرسەكمۇ، ئۆلۈك بىر جەسەت.

ئەي دوستۇم، سەن ئەگەر چىن ئىنسان بولساڭ،
ۋەتەننىڭ ئىشقىنى دىلىڭدا ساقلا.
ئۇيغۇرنىڭ چىن ئوغلى ئىكەنلىكىڭنى،
يالقۇنلۇق جەڭلەردە قان بىلەن ئاقلا!

* *

بىرلىرى ئۆلدى، تۇققان ئەل ئۇچۇن،
بىرلىرى ئۆلدى، بايلىق، زەر ئۇچۇن.
ئەل ئۇچۇن ئۆلگەننى «ئۆلدى» دېمەڭلار،
جېنىنى تېگىشتى، ھۆر كۈنلەر ئۇچۇن!

ئەل سۆيگەن ئوغۇللار ھېچقاچان ئۆلمەس،
ئۆلسىمۇ ژۇرىگى يەرگە كۆمۈلمەس.
ئېلدىن بەزگەنلەر ـ تىرىك ئۆلۈكتۇر،
چۈنكى ئۇ، خەلقىنى سۆيەلىگەن ئەمەس!
* *
سابىتنى «يامان» دەپ كۈرەش قىلغىنى ـ
ئۆزىگە دۈشمەن ـ دەپ ئېلان قىلغىنى.
خىتاي مېنى «دۈشمەن»دەپ تونىغان ئىكەن،
دېمەككى، كۈچۈمنى ئىقرار قىلغىنى!

شۈكرىكىم، ياۋ بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆتتۈم،
دۈشمەننىڭ ھالىنى تەڭ قىلىپ ئۆتتۈم.
ياتلارغا قاپىغىمنى ئاچمىدىم، ئەمما،
دوستلارغا باغرىمنى كەڭ قىلىپ ئۆتتۈم.
* *
كۆكتىكى يۇلتۇزلار، يەردىكى سۇلار،
جانلىغۇ ـ جانسىزۇ، جىمى مەخلۇقلار.
ھەممىسى ماڭىدۇ ئۆز يولى بىلەن،
دېمەككى، ھەممىنىڭ ئۆز قانۇنى بار.

بىرسى ـ بىرسىگە چىقىلماس ئەسلا،
ۋالېكىن، بىر ـ بىرىن قىلار تەقەززا.
دېمەككى، جىمىكى مەۋجۇداتلارنى،
باشقۇرۇپ تۇرغان بىر ھۆكۈمدارى بار!
* *
يۇلتۇزلۇق ئاسماندىن بىر يۇلتۇز ئېقىپ،
يوقۇلۇپ كەتتى ئۇ، فەزاغا سىڭىپ.
ھاياتلىق كۆكىدە سەنمۇ بىر يۇلتۇز،
سەن ئۆلسەڭ بۇ دۇنيا قالمايدۇ كېمىپ.

سەن ئۆلسەڭ تۇغۇلار يەنە بىر ئىنسان،
سېنىڭدىن ئەقىللىق، سېنىڭدىن ئىشچان.
توختىماي ئاقىدۇ، ھايات دېڭىزى،
ئايلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ چەرخى دەۋران!
* *
مەيلى، سەن قاراڭغۇ زىندانلاردا يات،
مەيلى، سەن دۇنيانىڭ ئازاۋىنى تارت.
شۇندىمۇ ئۆزەڭنى بەختىيار ـ بىلگىن،
تۇغۇلغان ۋەتىنىڭ بولسا ھۆر ـ ئازات!

بەختىيار بولاتتىم ـ ئادىمىي بولسام،
جاپاكەش خەلقىمنىڭ خادىمى بولسام.
ئۇيغۇرۇم سۇلتان بوپ ئەلنى سورىسا،
مەيلىدى، ئىشىكتە چاكارى بولسام.
* *

ئادەمنىڭ بىر بەختى ـ ئانا يۇرت ـ دىيار،
ھە، بىرى ئائىلە، پەرزەنت ۋە نىگار.
ئۇندىنمۇ، مۇندىنمۇ ئېيتماپتۇ مېنى،
بىلمىدىم، تەغدىرنىڭ نە قىساسى بار؟

ئەي ھايات، مەن سېنى خۇش ناۋا كۆردۈم،
قوينىڭدا ياشاشنى خوپ ـ راۋا كۆردۈم.
ئەسلىدە ۋاپاسىز زالىم ئىكەنسەن،
بەختىنى ئاز، بەلانى مەن تولا كۆردۈم!
* *
كۆز ئېچىپ دۇنياغا كەلگەندىن بېرى،
بىر كۈنمۇ بولمىدىم تەشۋىشتىن نېرى.
بىلمىدىم، دۇنياسى يارالغان چاغدا،
غەم ـ قايغۇ، تەشۋىشتىن يارالغانمىدى؟

قايغۇدىن ھېچ خالى بولمىدى كۆڭۈل،
ژىقىلىپ ـ سۆرۈنۈپ ئۆتتۈپتۇ ئۆمۈر.
ژىقىلىپ ئۆتكەنگە ئاغرىنىشىم يوق،
خەلقىمنىڭ پەرزەندى بولغانغا شۈكۈر!
* *
شائىرلىق، قەلبىمدىن دەريادەك تېشىپ،
تىنىك خادا قىرغاقتا ئۇرىمەن دولقۇن.
گاھ كۆككە ئېنتىلىپ، قاناتلار قېقىپ،
گاھ قايناپ كۆۋەجەپ چاچىمەن بۇژغۇن.

قەلبىمدە دەريادەك ھېسلار ئۇيغىتىپ،
دولقۇنلار ئۇرغۇزغان قۇدرىتىم ـ ۋەتەن!
ئارزۇلار كۆكىدە قانات قاقتۇرغان،
مۇھەببەت قۇياشىم ـ مۇرەببىم ـ ۋەتەن!
* *
مۇھەببەت ـ قۇياشتۇر، دىلنى يورۇتقان،
مۇھەببەت ـ ئۆلۈككە بېغىشلايدۇ جان.
ئاشىقنىڭ كۆڭۈلى ـ مەڭگۈلۈك باھار،
ئىشقى يوق كۆڭۈللەر ـ مەڭگۈ زىمىستان!

بەزىلەر بىراۋنى سۆيۈپ ئۆتىدۇ،
بەزىلەر سۆيۈملىك بولۇپ ئۆتىدۇ.
كىم ئەگەر سۆيگەن ھەم سۆيۈلگەن بولسا،
سۆيگۈنىڭ لەززىتىنى ئاشۇ بىلىدۇ!
* *
ئالدىمدىن ئۆتتۈپتۇ ئاتمىش باھار ـ ياز،
بەزىسى يېقىملىق، بەزىسى ئاياز.
ئادەم بۇ ھاياتتا ھېچ تويمايدىكەن،
ئاتمىش ژىل يەنىلا بىلىنىدۇ ئاز!

هاياتقا خوشاللىق ئۈچۈن كەلگەن بىز،
شۇڭلاشقا دوستلارغا كۆڭۈل بەرگەن بىز.
كەل دوستلار ياشايلى، ئويناپ كۈلەيلى،
دۇنياغا ئەركىن ياشاش ئۈچۈن كەلگەن بىز!

* *

ھەي ئوغۇل، چىراق سەن يورۇق نۇرانە،
بېشىڭدا ئاتاڭۇ، ئاناڭ پەرۋانە.
شۇلارنىڭ مېھرى بولمىسا ئەگەر،
بۇ ئالەم بولار ئېدى بىر غېرىپخانە!

مەيلى، سەن كۆككە ئۇچ، بولغىن كوسماناۋات،
ۋە ياكى، دېڭىزدا ئۈزگىن كۆپ ژىراق.
ئۇچۇشقا، ئۈزۈشكە كۈچ ـ قوۋۋەت بەرگىن،
قەدىردان ئاناڭنى ئۇنتىما بىراق!

* *

كىشىنىڭ ۋىجدانىنى ئۆلچەشكە بولماس،
مۇنبەردە سۆزلىگەن ئوتلۇق سۆز بىلەن.
قەلبىنىڭ گۈزەللىگىنى كۆرگىلى بولماس،
پەقەت رەڭنى كۆرگۈچى ئاددى كۆز بىلەن.

ۋىجدان ئۇ چاقماقتەك يالىلداپ تۇرار،
كۈرەشنىڭ بورانلىق كەڭ ئاسمىنىدا.
گۈزەللىك ئۇ، گۆھەردەك يالتىراپ تۇرار،
تۇرمۇشنىڭ ھەر ئېغىر سىناقلىرىدا!

* *

توختىماي «چىكىلداپ» ماڭىدۇ سائات،
توختىماي «گۈپۈلدەپ» سوقۇدۇ ژۈرەك.
چىكىلداپ، گۈپۈلدەپ تىنمايدۇ ئۇلار،
نەگىدۇر ئالدىراپ چېپىۋاتقاندەك.

ۋاخ يەتسە، سائاتمۇ ژۈرمەستىن قالار،
ۋاخ يەتسە، ژۈرەكمۇ سوقۇشتىن توختار.
بۇ ئىككى جىسمىنىڭ تەغدىرى ئوخشاش،
جاھاندا ھەممىنىڭ ئىنتىھاسى بار!

* *

ئەي ۋەتەن، جاھاننى كېزىپ چىقتىم مەن،
رۇم، ئەجەم، ئىراقنى، يېۋروپىنى ھەم.
دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل شەھەرلىرىنى،
ئاددى بىر يېزاڭغا تەڭ قىلمىدىم مەن!

شۇ ئاددى يېزاڭدا ئەجدات ئىزى بار،
ئۇيغۇرنىڭ قارا كۆز ئوغۇل ـ قىزى بار.
مىڭلىغان جانانە قىزلار ئىچىدە،
قەلبىمنى يورۇتقان بىر يۇلتۇزى بار.

* *

ئەجداتلار يېگەشكە ئەۋلات غېمىنى،
قالدۇرۇپ كېتىپتۇ موشۇ سېدىنى.
بىزلەرغۇ تېگىدە سايىداپ ئۆتتۇق،
ئەۋلاتلار بەختىگە تىكتۇق نېمىنى؟

ئەۋلاتقا قالدۇرغان ھور بېغىڭ قېنى؟
بېغىڭدا بەرق ئۇرغان گۈللىرىڭ قېنى؟
ئەقەللى، گۈلچىلىك تۆھپەڭ بولمىسا،
ئۆزەڭنى «ئادەم» دەپ ژۈرگىنىڭ قېنى؟

* *

پاخلاندەك بىر ئوغۇل تۇققاندا ئانا،
شاتلىغى ئالەمگە سىغماس، تەسەننا.
مۇكەممەل بىر شېئىر يازغاندا شائىر،
ئۇنىڭمۇ قەلبىدە خوشاللىق پەيدا.

شېئىرغا شائىرنىڭ ژۈرىگى پەيۋەنت،
چۈنكى ئۇ، قەلبتىن تۇغۇلغان پەرزەنت.
شېئىرىم يالقۇنجىسا ئەجەپلەنمىگىن،
پەرزەنتى ئانىسىغا تارتىدۇ، ئەلبەت!

* *

ژۈرەكتىن قوزغۇلۇپ كەلگەندە ئىلھام،
كېچىنى تاڭلارغا ئۇلايمەن مۇدام.
تىرىكلىك چېغىمدا سايراپ ئالايچۇ،
قەبرىگە بارغاندا، ئالارمەن ئارام.

دوستلىرىم، دۇنيادا شائىرلار ئۆلمەس،
ئۆلسىمۇ، ژۈرىگى يەرگە كۆمۈلمەس.
شائىرنىڭ يازغىنى بولسا ھەقىقەت،
ئۇ ئۆزى ئۆلسىمۇ، شېئىرى ئۆلمەس!

* *

ئۆلۈمنىڭ ھەممىسلا يوقۇتۇش ئەمەس،
بەزىسى قەدىرسىز، بەزىسى ئۇلۇق.
تىرىك بار، ئۆلۈككە ئەرزىمەيدىغان،
ئۆلۈك بار،قەدىرسىز تىرىكتىن ئارتۇق!

ۋىجدانلىق ئۆلۈم ئۇ، ھاياتتىن ئەلا،
ۋىجدانسىز ھايات ئۇ، ئۆلۈمدىن ئاچچىق.
مىللەتكە ژۈك بولۇپ، ھايات قالغاندىن،
شېھىت بوپ، مەيداندا ئۆلگىنىڭ تاتلىق!

* *

ئىنسان ـ بۇ دۇنيادا ئەڭ شەرەپلىك نام،
ئىنسان بوپ ياشماق ئەمەستۇر ئاسان.
بايلىغىڭ، مەنسۇپىڭ بىلەن ماختانما،
چىن ئىنسان بولغىنىڭ ئۈچۈن غۇرۇرلان!

مەن بايمۇ ئەمەسمەن، بەگمۇ ئەمەسمەن،
جاپاكەش خەلقىمنىڭ چاكار قۇلمەن.
ھەقىقى ئىنسان بولۇپ ياشىغىنىمچۇن،
ھەر قانداق شاھلاردىن ئۈستۈن تۇرىمەن!

* *

ياخشىلىق - يامانلىق ھەر كىشىدە بار،
ئادەمنىڭ قىممىتى - شۇندىن ئېتىبار.
ياخشىلىق قولۇڭدىن كەلمىسە، بوپتۇ،
كىشىگە يامانلىق قىلمىغىن زىنھار!

كىيىمنىڭ داغ بولسا، ژۇساڭ كېتىدۇ،
بەدىنىڭ كىرسىلسە، ئۇمۇ پۈتىدۇ.
ئىنسانلىق شەنىڭگە داغ چۈشەرمىگىن،
بىر ئۆمۈر يۈزۈڭنى سۆرۈن ئېتىدۇ!

* *

ھەر كىمنىڭ ھۆسنى بار، ئۆزىگە لايىق،
يۈزۈڭنى پەدەزلەپ كەتمىگىن كايىپ.
چىرايىڭ سەت بولسا، ئۇ ئەيىپ ئەمەس،
قىلىغىڭ سەت بولسا، ساڭا چوڭ ئەيىپ!

بىرىنچى دۆشمىنىڭ، نادانلىغىڭدۇر،
ئىككىنچى دۆشمىنىڭ، قىزىل تىلىڭدۇر.
ئۈچىنچى دۆشمىنىڭ، ئارىڭنى تۆكۈپ،
ئەلگە پەست كۆرسەتكەن، سەت قىلىغىڭدۇر!

* *

مايمۇنلار ئۆزگۈرۈپ، ئىنسان بولالماس،
نامەرتلەر ھېچقاچان، مەردان بولالماس.
مۈشۈكنى، يولۋاس - دەپ ماختىغان بىلەن،
بەربىر چاشقاندىن ئۆزگىنى ئالماس!

مايمۇننى - ئىنسان دېسە كۈلمەمدۇ كىشى،
ئىنساننى - «مايمۇن» دېسە ئۆلمەمدۇ كىشى.
كىمنىڭ زادى قانچىلىك ئىنسانلىغىنى،
قىلىپ ژۈرگەن ئىشىدىن بىلمەمدۇ كىشى!؟

* *

ئارزۇلار شېرىندۇر، يەتمەك مۇشەققەت،
ئەڭ جەسۇر كىشىلەر يېتىدۇ پەقەت.
يەتسەڭمۇ ئارزۇغا، يېتەلمىسەڭمۇ،
جەڭ قىلىپ ياشىغان ئۆزى بىر لەززەت!

باتۇرلار كۈرەشتە تۇغىلىدۇ، بەس،
كۈرەشسىز قەھرىمان تۆرەلگەن ئەمەس.
كىم ئەگەر، كۈرەشسىز «باتۇر» ئاتالسا،
دېمەك ئۇ، ھەقىقى قەھرىمان ئەمەس!

* *

ئىلىمنىڭ دېڭىزى، چوڭقۇر، سىرغا باي،
تېگىدە ياتىدۇ خەزىنە - دۇرپاي.
شۇ دۇرنى ئالغانلار ساھىبى دۆلەت،
ئالالماي قالغانلار - روھانىي گاداي!

ئىزدەنگەن، تاغ تېشىپ لەھەل ئالىدۇ،
ئىزدەنگەن دېڭىزدىن گۆھەر ئالىدۇ.
بۇ دۇنيا ئىزدىنىش، كۈرەش دۇنياسى،
قورققاقلار، ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ!

* *

قاراڭغۇ تۈن ئىدى، سىيادەك سۇمغاق،
تولۇن ئاي چىقتىدە يورۇتتى ئاپپاق.
ناگىھان بىر كۈچۈك پەيدا بولدىدە،
ھاۋۇشۇپ كەتتى ئۇ، ئاينى قارىلاپ...

ھە، بىزدە ئەشۇنداق ئاخماقلارمۇ بار،
دۈشمەننى ياسايدۇ ئۆز قولى بىلەن.
كۈچۈك قاۋاپ قانچىلىك خىرىس قىلسىمۇ،
كارۋان ماڭىدۇ، ئۆز يولى بىلەن!

* *

ياخشىنى كۆرگەندە ھەسەتلىك قاراپ،
تۆھمەتنىڭ تېشىنى ئاتىمىز ماراپ.
ئۇ تىرىك چېغىدا قەدرىگە يەتمەي،
ئۆلگەندە قەبرىنى قىلىمىز تاۋاپ!

دوست كەتتى، كۆڭۈلنىڭ ئالىسى قالدى،
كۆرەلمەس دۆشمەننىڭ يالىسى قالدى.
ھاياتتىن كەتتى ئۇ، مۇراتقا يەتمەي،
بۇ پۈتمەس دۇنيانىڭ چالىسى قالدى!

* *

قەپەزنىڭ ئىچىدە تىپىرلار قىران،
ھەس - ھەس بوپ زىنداندا ئولتۇرار ئوغلان.
بۇ ئىككى تۇتقۇننىڭ تەغدىرى ئوخشاش،
ئۇلارنى ئەركىدىن ئايرىدى زامان!

قىران قۇش ئىنتىلەر - چەكسىز ئاسمانغا،
قەھرىمان ئىنتىلەر - كۈرەش مەيدانغا.
پەرۋاز قىلماي، جەڭ قىلماي، يەپ - ئىچىپ ياشاش،
ئۆلۈمدىن ئېغىردۇر بۇ ئىككى جانغا!

* *

ئەي تەڭرىم بىز سېنى بار - دەپ ئىشەندۇق،
ئادىل دەپ ئىشەندۇق، يار - دەپ ئىشەندۇق.
ئەگەر سەن، شۇنچىلىك مېھرىبان بولساڭ،
نە ئۈچۈن كاپىر - ھۆر، مۆمىنگە، قۇللۇق؟

بۇ مېنىڭ خىتاۋىم، كۈپرىدۇر بەلكى،
شۇ بەرگەن كۈنىگە شۈكرىدۇر، بەلكى.
بۇگۈنكى دەۋرىمىز زۇلمەت بولسىمۇ،
كېلەچەك ـ يورۇق تاڭ سۈبھىدۇر، بەلكى...

* *

ھاياتتىن مەن كەتتىم، يارانلار قالدى،
ئوت بولۇپ چاقنىغان ئارمانلار قالدى.
سۆيۈملۈك خەلقىمگە يالداما بولۇپ،
ياڭرىغان كۈي، غەزەل، داستانلار قالدى.

شۇڭلاشقا سەن مېنى نەزمىدىن ئىزلە،
مۇقاملار ياڭرىغان بەزمىدىن ئىزلە.
سابىتنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى،
جانجان خەلقىمنىڭ قەلبىدىن ئىزلە!

* *

باغدا گۈللەر ئېچىلمامدۇ، باھار بولسا،
تاڭ شولىسى چېچىلمامدۇ، ناھار بولسا.
بۇلبۇل، كاككۇك جاراڭلىشىپ سايرىمامدۇ،
چېچەك ئاتقان باراقسانلىق باغلار بولسا.

قوم چۆللەرمۇ باراقسانلىق باغ بولاتتى،
ئازات ئەلدە، ئەركىن ئەمگەك قايناپ تۇرسا.
مېنىڭ كۆڭلۈم پورەك بولۇپ ئېچىلاتتى،
ۋەتىنىمدە قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرسا!

* *

ئۆتمۈشتىكى شۆھرىتىڭگە مەز بولمىغىن،
بۈگۈنكى ئەھۋالىڭغا ئېچىن خەلقىم.
قولۇڭدىن كەتكەن ئازات دۆلىتىڭنى،
قايتۇرۇپ ئالماق ئۈچۈن ئىنتىل خەلقىم!

ئۆتمۈشتە ھۆر بولغىنىڭدىن نېمە پايدا،
ۋەتىنىڭ ياتقا مەھكۇم بولۇپ ياتسا.
سېنىڭ مەز بوپ، كۈلگىنىڭدىن نېمە پايدا،
مىللىتىڭ قاڭغىر ـ قاخشاپ ۋىغلاۋاتسا!

* *

شائىرلار بار، ۋەتەندىن سۆز ئاچىدىغان،
ئەۋدىھادەك ئاغزىدىن ئوت چاچىدىغان.
تېچلىق چېغى باتۇرلاردەك نەرە تارتىپ،
جەڭ چېغىدا ياۋنى كۆرمەي قاچىدىغان!

شائىرلار بار، ياۋنى كۆزگە ئىلمايدىغان،
ئەل غېمىدىن ئۆزگە غەمنى بىلمەيدىغان.
ئۇ ۋۇرسىمۇ تۇتقۇن بولۇپ، سۈرگۈن بولۇپ،
ئەڭ ھەقىقى شائىرلار شۇ ئۆلمەيدىغان!

* *

پەلەك سالدى ماڭا يۈزمىڭ جاپاسىنى،
كۆرۈپ ئۆتتۈم تالاي ئۆمۈر سەۋداسىنى.
ھەممە دەرتنىڭ داۋاسىنى تاپتىم، ئەمما،
تاپالمىدىم، مۇھەببەتنىڭ داۋاسىنى.

مۇھەببەتنىڭ داۋاسى ـ يار ۋىسالىدۇر،
ۋىسال بەختى خۇددى جەننەت مىسالىدۇر.
ئانا يۇرتنىڭ ئازاتلىقىن كۆرۈپ ئۆلسەم،
ئارمىنىم يوق، جېنىم مېنىڭ كوشادىدۇر!

* *

ئىشتىلار ئاۋۋال ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىدۇ،
سۆيەك تاپسا، خېخىرىشىپ تالىشىدۇ.
ئۇغۇ ھايۋان، ئادەملەرگە نېمە دەيمىز:
دۇنيا ئۈچۈن، ئىشتىلار ئوخشاش تالىشىدۇ.

بىرى ياشار بايلىق ۋىغىپ، دوردان بىلەن،
بىرى ياشار ئىنسانىيلىق ۋىجدان بىلەن.
بىراق، ئادىل تەڭرىمىنىڭ نەزەرىدە:
مەخلۇق ھەرگىز تەڭ بولالماس ئىنسان بىلەن!

* *

سۆيگەن يارىڭ ياخشى بولسا ـ ئامىتىڭ شۇ،
سۆيگەن يارىڭ يامان بولسا ـ لەنىتىڭ شۇ.
سەن ئۆزەڭچە كۆكتە پەرۋاز قىلدىم دېمە،
سېنى پەرۋاز قىلدۇرغان، قانىتىڭ شۇ.

ياخشى خوتۇن گولنى تۈزەپ، ئەر قىلىدۇ،
يامان خوتۇن ياخشى ئەرنى، يەر قىلىدۇ.
ئەزەلدىنلا، پەلەكنىڭ بىر ئادىتى شۇ:
بىر ياخشىنى، بىر يامانغا خار قىلىدۇ!

* *

ئەي تەڭدىم، ئىرادەڭگە قارشى ئەمەسمەن،
ماڭا بەرگەن نېمىتىڭگە ئاغرى ئەمەسمەن.
سېنىڭ ھەممە يازمىشىڭغا رازىمەن، ئەمما،
خەلقىمنى خور قىلغىنىڭغا رازى ئەمەسمەن!

خەلقىم ئۈچۈن پەرۋانە بوپ جېنىمنى ئاتتىم،
ياراتقانغا سەجدە قىلماي گۇناغا پاتتىم.
شۇ گۇنايىم ئۈچۈن مېنى دوزاققا سالسا،
شۇ چاغدىمۇ، ئۇيغۇرۇمغا جەننەت تىلەتتىم!

* *

كۆرەش قىلىپ ياشايمەن، كۆرەش مېنىڭ ھاياتىم،
كۆرەش ئارزۇ كۆكىدە، پەرۋاز قىلار قاناتىم.
ئەگەر كۆرەش بولمىسا، ھاياتىمۇ يوق، بەختىمۇ يوق،
ئۆزەم تىرىك ۋۇرسەممۇ، جەسەت بولۇپ قالاتتىم!

كۇرەش قىلغان، ئىنتىلگەن، تاشتىن گۆھەر ئالدۇ،
كۇرەشمىگەن نادانلار، بەختتىن قۇرۇق قالدۇ.
ئارزۇ قىلماق، ئىنتىلمەك ئاخىر مۇراتقا يەتمەك،
لەززىتىنى تېتىماق ـ ھايات دېگەن مانا شۇ!
※ ※
بۇ دۇنيادا قانۇن تولا تەڭرىم بەرگەن،
بار ئالەمگە ھۆكۈمران بولۇپ كەلگەن.
شۇ قانۇنلار ئىچىدىكى ئۇلۇغ قانۇن:
«ھەر بىر خەلق ئەركىن ياشاپ ئۆتسۇن!»
دېگەن.
تۇققان ئېلىم ھۆر ياشىسا ـ خۇش بولىمەن،
تۇققان ئېلىم مەھكۇم بولسا ـ پۇرچىلىمەن.
ھەر بىر ئىنسان تەغدىرداش، ئۆز ئېلى بىلەن،
مەن ھاياتنى موشۇنداق دەپ چۈشىنىمەن!
※ ※
ئۆزگىلەرنىڭ تۇرنىسىنى «توز» دەپ ماختىدۇق،
ئۆزىمىزنىڭ توزلىرىغا نەزەر سالمىدۇق.
ئىچىمىزدە ئۇيغۇرانە بىرلىك بولمىغاچ،
قىرىق ژىل قىمىرلاپمۇ قىردىن ئاشمىدۇق!
※ ※
خائىنلاردىن نەپرەتلىنىپ، نېرى قاچمىدۇق،
تويىمىزغا كېلىپ قالسا، تۆرگە باشلىدۇق.
ئىچىمىزدە خائىنلارنى ئاسراپ ژۈرگەچ،
ئىشىمىزدا بەركەت يوق، ھامان قاخشىدۇق!
※ ※
ھەي شائىرىم،مۇنبەرلەردە سايراپ كېتىسەن،
ـ ئۇيغۇرمەن ـ دەپ، ،مەيدەڭگە ئۇرۇپ
قايناپ كېتىسەن،
ۋەتىنىڭدە ياتقا قۇل سەن، چەتتە مۇساپىر،
نېمەڭگىمۇ شۇنچىۋالا مەغرۇرلىنىسەن؟

بولاي دېسەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ـ ئۇلۇغ،
ئۆز دۆلىتىڭ بولسۇن سېنىڭ، دۇنياغا تونۇق.
ئۆز ئىلكىڭدە بولسۇن ھايات ـ مامات
تەغدىرىڭ،
شۇ چاغدىلا يارىشىدۇ ساڭا مەغرۇرلۇق!
※ ※
قاراپ باقسام كېتىپتىمەن ئاتمىشتىن ئۆتۈپ،
راھىتىنى ئاز كۆردۈم مەن، جاپاسىنى كۆپ.
يا، بەرمىدى تەڭرىم ماڭا ئازادە ۋەتەن،
ياكى ئويناپ، كۈلمەپتىمەن جانانىنى سۆيۈپ.

دامامەت غەم ـ قايغۇ بىلەن تولۇپ كۆڭلۈم،
پۈتمەس جاپا ـ مۇشاقەتتە ئۆتتى كۈنلىرىم.
شۇندىمۇ «مەن بەختسىز» دېمەسمەن ئەسلا،
بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئۆتتى ئۆمرۈم!

※ ※
قولدىن كەلمەس ئىشلارنى بىز ئارمان ئېتىمىز،
شۇ ئارمانغا يەتمەك ئۈچۈن، تىرىشىپ كېتىمىز.
كۈتمىگەندە كېلىپ قالسا، ئەجەلدىن خەۋەر؛
ئىلاجى يوق، ھەممىسىنى تاشلاپ كېتىمىز!

ئەۋلاتلارغا مىراس بولۇپ قالىدۇ ئارمان،
ئۇلارمۇ ھەم كۈرەش قىلىپ ئۆتەر بېگۇمان.
بىر مۇراتقا يەتسە يەنە بىرى تۇغۇلار،
شۇنداق قىلىپ، ئايلىنىدۇ بۇ چەرخى دەۋران!
※ ※
قېرىغاندا بولماي دېسەڭ پۇشايمان كۆڭۈل،
ياشلىقىڭدا ئۇلۇغ ئىشلار يارىتىپ ئۈلگۈر.
مېنۇتلارنى كىچىك كۆرۈپ، ئۆتكەزمە بېكار،
ئاشۇ كىچىك مېنۇتلاردىن قۇرۇلار ئۆمۈر!

ھاياتلىقنىڭ ئالدى قىزىق، ئارقىسى ـ ئارمان،
شۇ قىزىقتا مەپتۇن بولۇپ ياشايدۇ ئىنسان.
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە پۇشايمان قىلماس،
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ياشىغان ئىنسان!
※ ※
پەسلى باھار كېلىپ گۈللەر ئېچىلسا باغدا،
خەندان ئۇرۇپ سايرىمىغان بۇلبۇل بارمىكىن؟
بۇلبۇلنىڭ خۇش ناۋاسىغا مەستانە بولۇپ،
قىزىلگۈلدەك ئېچىلمىغان كۆڭۈل بارمىكىن؟

بۇ جاھانغا مېھرىن چېچىپ، يورۇتسا كۈنلەر،
بەرىق ئۇرۇق ئېچىلىدۇ، رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر.
ئانا ۋەتەن ئىشقى بىلەن كۆيىدۇ ژۈرەك،
ئازاتلىققا تەلپۈنىدۇ، تەشنا كۆڭۈللەر!
※ ※
شېئىرىمنى ئۆزەمدەك بېۋەتەنگە يازدىم،
ژۈرىگىدە يارىسى بار، دەرتمەنگە يازدىم.
دەردى يوقلار، دەردى بارنى نەدىن چۈشەنسۇن،
كۆز يېشىمغا خىرىدارلىق ئەتكەنگە يازدىم.

سەنمۇ مەندەك دەرتمەن بولساڭ ئالغىن قولۇڭغا،
دەردى يوق بىر كېسەك بولساڭ، ماڭغىن يولۇڭغا.
ھەر كىشى ئۆز خۇلقى بىلەن ياشىشى كېرەك،
ئويناپ ـ كۈلۈپ ژۈرىۋەرگىن، تاپقان پۇلۇڭغا!
※ ※

ئەي دىلبەرا، كۆزلىرىمگە پەرى بولۇپ كۆرۈندۇڭ،
كۆرۈندۇڭكى بىر نۇر بولۇپ، ژۇرىگىمگە قۇيۇلدۇڭ.
مەن قانچىلىك ژىراقلىشىپ كېتەي دېسەم سېنىڭدىن،
سەن شۇنچىلىك ژۇرىگىمگە يېقىن بولۇپ تۇيۇلدۇڭ.

سەن گوياكى چۆللەردە كۆرىنگەن سۇ ـ ئالۇن سەن،
سەن ژىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان مۇسىق ـ قالۇن سەن.
مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ كېتەلمەسمەن ھېچقاچان،
ژۇرۇگىمدە ئۆمۈر بويى يېنىپ تۇرغان يالقۇن سەن!

* *

ئالىمنىمۇ، زالىمنىمۇ چاپىدۇ قىلىچ،
يەر يۈزىنى جەسەت بىلەن ياپىدۇ قىلىچ.
ئۇ بىلمەيدۇ، ھەق ـ ناھەقنى، ئۇۋال ـ سوۋاپىنى،
تۇتقان قولنىڭ ئەمرىگىلا باقىدۇ قىلىچ!

ئۇغۇ ـ تۆمۈر ئۇنىڭدا يوق ھىس ـ تۇيغۇ، ۋىجدان،
شۇنىڭ ئۈچۈن تۆككەندۇ شۇنچىلىك كوپ قان.
ئىنسان تۇرۇپ، ھەق، ناھەقنى پەرىق ئەتمىسە،
قانداقلارچە دېگۈلۈك ئۇنى چىن ئىنسان!

* *

ياشلىغىمدا «ئۇچقۇن» بولۇپ چاقناپ ئۆتتۈم،
«چولپان» بوپ، ئېگىز كۆكتە پارلاپ ئۆتتۈم.
مانا ئەمدى «ئۇيغۇرىي» دەپ ئاتىلىپ،
ئەلنىڭ بۇلبۇل شائىرى بوپ، سايراپ ئۆتتۈم.

ئوغلى مەن ئۇيغۇر دېگەن ئۇلۇق ئەلنىڭ،
زۇلۇمغا بوي ئەگمىگەن باتۇر بەلنىڭ.
شۇ ئەلنى كۈيلەپ ئۆتۈش ـ بەختىم مېنىڭ،
شۇڭلاشقا ئاشىغى مەن كۈي غەزەلنىڭ!

* *

ۋەتەننى، ئەلنى سۆيۈش ـ بەختىم مېنىڭ،
ھەتتا چول ـ سەھراسىمۇ تەختىم مېنىڭ.
ئانامدەك ئۇنى جاندىن سۆيۈپ ئۆتتۈم،
سۆيگىگە سادىق بولۇش ـ ئەھدىم مېنىڭ.

مەيلىدى، شۇ كورەشتە ئۆلۈپ قالسام،
شېھىتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالسام.
ۋەتەننىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ،
ياشارغان بىر قارىغىيى بولۇپ قالسام!



# ئۇنلۇقلار

مەن گوياكى ـ قاغجىرغان چۆل،
تامچا سۇغا تەشنا بوپ ياتقان.
مەن گوياكى ـ تاڭ ئاتمىغان تۈن،
نۇر زىياغا تەشنا بوپ ياتقان.
مەن گوياكى ـ قىشقى زىمىستان،
گۈل باھارغا تەشنا بوپ ياتقان.
مەن گوياكى ـ قەپەزدىكى قۇش،
ئازاتلىققا تەشنا بوپ ياتقان.
بىزلەرگىمۇ يورۇق تاڭ ئاتار،
پۈتكۈل خەلقى ئالەمگە ئاتقان!

مەغرۇرلىنىپ كەتمىگىن، دوستۇم،
تاپقىنىڭغا تۆرت ـ بەش ئوغۇل ـ قىز.
تۆرت، بەش بالا ئۆستۈرگەن بىلەن،
ئادا بولماس، سەندىكى قەرز.
ئادا قىلماق ئۈچۈن قەرزىڭنى،
كۈرەش قىلغىن، چېكىنمە ھەرگىز.
سېنى قانداق ئىنسان دېگۈلۈك،
ھاياتىڭدىن قالمىسا بىر ئىز؟
ئازاۋىمۇ راھەت، كۈرەشنىڭ،
شۇنى بىلگىن، بۇرادەر ئەزىز!

چىرايىغا قاراپلا «ئادەم» دېمىگىن،
ئادەمدە ـ ئادەم بار ـ ئوخشىمايدىغان.
بىرلىرى ـ پاكلىقتا، خۇددى پەرىشتە،
بىرلىرى ـ ۋاپاسىز، ھىيلىگەر شەيتان!
ھاياتتا چىن ئىنسان بىلەن شەيتاننى،
ئاجرىتىپ ئالماقلىق ئەمەستۇر ئاسان.
ئاجرىتىپ ئالغانلار، ساھىبى دۆلەت،
خور بولار ـ دۆشمەننى بىلمىگەن نادان.
دوست بولساڭ، ھەقىقى ئىنسان بىلەن بول،
يات بىلەن دوست بولساڭ ئاخىر پۇشايمان!

تۈن كېچىنىڭ قاراسى باردۇر،
قەلبىمىزنىڭ ياراسى باردۇر.
بۇ دۇنيادا داۋاسىز دەرت يوق،
ھەممە دەرتنىڭ داۋاسى باردۇر.
جەڭگە چىللاپ ھايقىرىسا باتۇر،
تاغلارنىڭ ئەكىس ساداسى باردۇر.
بۇ ئازاپلار مەڭگۈلۈك ئەمەس،
ئۇنىڭمۇ ئىنتىھاسى باردۇر.
سەن ئۈمىتسىز بولمىغىن خەلقىم،
بىزگىمۇ تاڭ زىياسى باردۇر!

بۇ دۇنيا ـ ئۇلۇق دېڭىز ـ دولقۇنلىغان،
گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ بۇژغۇنلىغان.
تېگىگە بۇ دېڭىزنىڭ كىم يېتىپتۇ،
سىرلىرى كۆپتۇر تېخى ئېچىلمىغان.
سىرلىرى كۆپتۇر تېخى ئېچىلمىغان،
ئالەمگە چېقىپ نۇرى چېچىلمىغان.
دۇنيانىڭ ئۆزى ئۇلۇق بىر تېپىشماق،
جاۋابى ئۇنىڭ تېخى تېپىلمىغان!
دۇنياغا ئىنسان بولۇپ كەلدىڭمۇ سەن،
بىر جاۋاپ بېرىپ قالغىن ئاقىل ئىنسان!

قۇرۇپ قاخشال بوپ قالسىمۇ تەنلىرىم،
گۈلخان بولۇپ يېنىپ تۇرار قەلبىم.
قەلب ئوتۇم ئۆچمەي يېنىپ تۇرغىنى،
شائىرلىقنىڭ نىشانىدۇر، ئۇ، بەلكىم.
ئەسلى شائىر ئۆز خەلقىنى سۆيۇدۇ،
ئۇنىڭ قەلبى ئۆمۈر بويى كۆيىدۇ.
ۋۇرىكىدە ۋەتەن ئىشقى يانمىسا،
ئۇ قانداقمۇ، ئەل شائىرى بولىدۇ.
ـ قېرىغاندا كىم قويۇپتۇ ـ دېمىگىن،
چىن ھەقىقى شائىر شۇنداق بولىدۇ.

ھەر بىر قىزنىڭ بىر شەيداسى بار،
ھەر ۋىگىتنىڭ دىلراباسى بار.
خالى بولماس ئىشقىدىن كۆڭۈل،
ھەر كۆڭۈلنىڭ ئۆز ئىخلاسى بار.
ئاشىق بولۇش ئاسان ئەمەستۇر،
مۇھەببەتنىڭ مىڭ بالاسى بار.
بەزى چاغدا قەلبىڭ مۇز بۇلار،
بەزەن ئوتلۇق ئېھتىراسى بار:
ئويناشمىغىن مۇھەببەت بىلەن،
ئۇنىڭ بەختى ھەم جاپاسى بار.

دۇنياغا ۋىغلاپ كېلىدۇ ئادەم،
ۋىغلاپ كېتىدۇ، ئۆلگەن چاغدا ھەم.
تۇغۇلماق بىلەن ئۆلمەك ئارىسى،
كوزنى بىر ۋۇمۇپ، ئاچقانچىلىك دەم.
شۇنچىلىك قىسقا ئۆمۈر ئىچىدە،
ئۇلۇق ئىشلارنى قىلار چىن ئادەم.
خۇددى لەگلەكتەك لەيلەپ ئۆتىدۇ،
ئادەم سىياقى كۆلەڭگىلەر ھەم!
ئىنسام ئېكەنسەن، ئىنسانىيەتكە،
قالسۇن سېنىڭمۇ، تۆھپە ـ نىشانەڭ!

شائىرنىڭ «ۋىجدان» ـ دەپ شېرى يازغىنى،
ئۆزىدە ۋىجدانىنىڭ بولماسلىقىدىن.
شائىرنىڭ «ئىنسان» دەپ شېرى يازغىنى،
ئىنسانلىق شەرتىگە تولماسلىقىدىن.
شائىرنىڭ «ۋەتەن» دەپ ۋاقىرىغانلىرى،
ئېقىمغا ماسلىشىپ ئىش قىلغانلىقى.
شائىرنىڭ «مىللەت» ـ دەپ چاقىرىغانلىرى،
خائىنلىق ئەپتىنى يوشۇرغانلىقى.
ئىشەنمە شائىرنىڭ يازغانلىرىغا،
نەزەر سال، ئەمەلدە قىلغان ئىشىغا!

# ئۈچ بەتلىكلەر

## ئىنسان

ئېچىلغانىنىڭ بەرى گۈل ئەمەس،
تېپىلغانىنىڭ بەرى دۇر ئەمەس.
ئادەم مەن دەپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ،
ژۇرگەن بىلەن ئۇ، ئادەم ئەمەس.

ئالا قارغا شۇڭقار بولالماس،
ئاتنىڭ بەرى تۇلپار بولالماس.
ئۆز ئېلىنى سۆيەلمىگەنلەر،
چىن ھەقىقى ئىنسان بولالماس.

ئىنسان بولۇپ تۇغۇلماق ئاسان،
ئىنسان بولۇپ ياشىماق قىيىن.
ئىنسانلارچە ياشىماق كېرەك،
ئىنسان بولۇپ تۇغقاندىن كېيىن!

ئاقىل ئىنسان بولساڭ، سەن ئەگەر،
ئۆمرىڭنى ئۆتكۈزمە بېكار.
ھەر كۈن ئىشلە، ھەر كۈن ئىجات قىل،
ئۆتكەن كۈننىڭ ھېساۋېتى بار!

## ۋاقىت

ۋاقىت يارىتىدۇ ھەممىنى،
ۋاقىت قىرىتىدۇ ھەممىنى.
ۋاقىت ئۆزى ھەممىگە قادىر،
يېڭىلايدۇ جاھان بارىنى.

ئۆتكۈنچىدۇر ھاياتى ئىنسان،
ئۆتكۈنچىدۇر جىمىكى جاھان.
ئۆتۈپ كېتەر، ئۇنتىلار ھەممە،
پەقەت ۋاقىت مەڭگۇ ھۆكۈمران!

سېغىنساڭمۇ، ئارمان قىلساڭمۇ،
ئۆتكەن ئۆمۈر كەلمەيدۇ يېنىپ.
ئالتە كۈنلۈك ناياپ ئۆمۈردە،
ياشاۋالغىن مۇراتقا يېتىپ!

## شائىر

شائىر بولماق ئاسان ئەمەستۇر،
كۆيۈش كېرەك، مۇسەپپا ئوتتا.
مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس يالقۇنى،
يېنىپ تۇرسۇن ئاشىق ۋۇجۇتتا.

يەنە شائىر قوشاقلىرىدا،
چاقناپ تۇرسۇن نەپرەت ئۇچقۇنى.
ژۇرەكلەرگە ئوت ياقالمىسا،
شائىر دەپمۇ، ئاتىما ئۇنى!

شۇڭا شائىر خۇش، بولۇپ كۈلسە،
كۈلكىسىدىن ئۇيغۇنار ئاسمان.
ئەگەر شائىر چىندىن ژىغلىسا،
بار ئالەمنى باسىدۇ توپان!

## ئۆمۈر

ئۆسمۈر چېغىڭ ئۇرۇق سالىسەن،
ياشلىغىڭدا چېچەك ئاتىسەن.
قېرىغاندا شەرۋەتكە تولۇپ،
مېۋىلىك باغ بولۇپ قالىسەن.

ئۆسمۈرلىكتە ئوقىپ - بىلىم ئال،
ياشلىغىڭدا يارىڭنى سۆيگىن.
قىرانلىقتا ئىجات قىلىپ قال،
قېرىغاندا راھىتىن كۆرگىن!

## ئاچكۆز

دوستلاردىن يۈز ئۆرۈپ بەزىبىر نادان،
بايلىقنى دوست تۇتۇپ، ژىغدى خانۇ - مان.
ئاقىۋەت ئۆزى ئۆلۈپ، دوزاققا كەتتى،
ئارقىدا قېپ قالدى: «بېخىل» دېگەن نام.

بايلىققا ھىرىس بوپ، جان ئاتما پەقەت،
ئىشلەپ تاپ، رىسقىڭغا قىلغىن قانائەت.
قانائەت - كىشىگە تۈگىمەس بايلىق،
ئاچكۆزلىك - كىشىگە ئۆمۈرلىك ئاپەت!

ئاچكۆزلەر ئاش تۇرماق، كېپىگىنى يەيدۇ،
ئۇيالماي، ئۆزگىنىڭ نېسىۋىنى يەيدۇ.
ئۇ تىرىك چېغىدا يېگەنگە تويماي،
ئۆلگەندە ئۆزىنىڭ كېپىنىنى يەيدۇ!

## گۈل ۋە قىز

قولۇمدا گۈل تۇرار توزدەك تاۋلىنىپ،
يېنىمدا قىز تۇرار شېرىن نازلىنىپ.
ھەيران بوپ قارايمەن بۇ ئىككىسىگە،
بىرسىدىن - بىرسىنى ئايرالماي بېقىپ.

# ئوتلۇقلار

مەن گوياكى ـ قاغجىرغان چۆل،
تامچا سۇغا تەشنا بوپ ياتقان.
مەن گوياكى ـ تاڭ ئاتمىغان تۈن،
نۇر زىياغا تەشنا بوپ ياتقان.
مەن گوياكى ـ قىشقى زىمىستان،
گۈل باھارغا تەشنا بوپ ياتقان.
مەن گوياكى ـ قەپەزدىكى قۇش،
ئازاتلىققا تەشنا بوپ ياتقان.
بىزلەرگىمۇ يورۇق تاڭ ئاتار،
پۈتكۈل خەلقى ئالەمگە ئاتقان!

———

مەغرۇرلىنىپ كەتمىگىن، دوستۇم،
تاپقىنىڭغا تۆرت ـ بەش ئوغۇل ـ قىز.
تۆرت، بەش بالا ئۆستۈرگەن بىلەن،
ئادا بولماس، سەندىكى قەرز.
ئادا قىلماق ئۈچۈن قەرزىڭنى،
كۆرەش قىلغىن، چېكىنمە ھەرگىز.
سېنى قانداق ئىنسان دېگۈلۈك،
ھاياتىڭدىن قالمىسا بىر ئىز؟
ئازاتلىق راھەت، كۆرەشنىڭ،
شۇنى بىلگىن، بۇرادەر ئەزىز!

———

چىرايىغا قاراپلا «ئادەم» دېمىگىن،
ئادەمدە ـ ئادەم بار ـ ئوخشىمايدىغان.
بىرلىرى ـ پاكلىقتا، خۇددى پەرىشتە،
بىرلىرى ـ ۋاپاسىز، ھىيلىگەر شەيتان!
ھاياتتا چىن ئىنسان بىلەن شەيتاننى،
ئاجرىتىپ ئالماقلىق ئەمەستۇر ئاسان.
ئاجرىتىپ ئالغانلار، ساھىبى دۆلەت،
خور بولار ـ دۈشمەننى بىلمىگەن نادان.
دوست بولساڭ، ھەقىقى ئىنسان بىلەن بول،
يات بىلەن دوست بولساڭ ئاخىر پۇشايمان!

———

تۈن كېچىنىڭ قاراسى باردۇر،
قەلبىمىزنىڭ ياراسى باردۇر.
بۇ دۇنيادا داۋاسىز دەرت يوق،
ھەممە دەرتنىڭ داۋاسى باردۇر.
جەڭگە چىللاپ ھايقىرىسا باتۇر،
تاغلارنىڭ ئەكس ساداسى باردۇر.
بۇ ئازاپلار مەڭگۈلۈك ئەمەس،
ئۇنىڭمۇ ئىنتىھاسى باردۇر.
سەن ئۈمىتسىز بولمىغىن خەلقىم،
بىزگىمۇ تاڭ زىياسى باردۇر!

———

بۇ دۇنيا ـ ئۇلۇق دېڭىز ـ دولقۇنلىغان،
گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ بۇژغۇنلىغان.
تېگىگە بۇ دېڭىزنىڭ كىم يېتىپتۇ،
سىرلىرى كۆپتۇر تېخى ئېچىلمىغان.
سىرلىرى كۆپتۇر تېخى ئېچىلمىغان،
ئالەمگە چىقىپ نۇرى چېچىلمىغان.
دۇنيانىڭ ئۆزى ئۇلۇق بىر تېپىشماق،
جاۋابى ئۇنىڭ تېخى تېپىلمىغان!
دۇنياغا ئىنسان بولۇپ كەلدىڭمۇ سەن،
بىر جاۋاپ بېرىپ قالغىن ئاقىل ئىنسان!

———

قۇرۇپ قاخشال بوپ قالسىمۇ تەنلىرىم،
گۈلخان بولۇپ يېنىپ تۇرار قەلبىم.
قەلب ئوتتۇم ئۈچمەي يېنىپ تۇرغىنى،
شائىرلىقىنىڭ نىشانىدۇر، ئۇ، بەلكىم.
ئەسلى شائىر ئۆز خەلقىنى سۆيىدۇ،
ئۇنىڭ قەلبى ئۆمۈر بويى كۆيىدۇ.
ژۇرنىگىدە ۋەتەن ئىشقى يانمىسا،
ئۇ قانداقمۇ، ئەل شائىرى بولىدۇ.
ـ قېرىنداندا كىم قويۇپتۇ ـ دېمىگىن،
چىن ھەقىقى شائىر شۇنداق بولىدۇ.

———

ھەر بىر قىزنىڭ بىر شەيداسى بار،
ھەر ژىگىتنىڭ دىلراباسى بار.
خالى بولماس ئىشقىدىن كۆڭۈل،
ھەر كۆڭۈلنىڭ ئۆز ئىخلاسى بار.
ئاشىق بولۇش ئاسان ئەمەستۇر،
مۇھەببەتنىڭ مىڭ بالاسى بار.
بەزى چاغدا قەلبىڭ مۇز بولار،
بەزەن ئوتلۇق ئېھتىراسى بار:
ئويناشمىغىن مۇھەببەت بىلەن،
ئۇنىڭ بەختى ھەم جاپاسى بار.

———

دۇنياغا ژىغلاپ كېلىدۇ ئادەم،
ژىغلاپ كېتىدۇ، ئۆلگەن چاغدا ھەم.
تۇغۇلماق بىلەن ئۆلمەك ئارىسى،
كوزنى بىر ژۇمۇپ، ئاچقانچىلىك دەم.
شۇنچىلىك قىسقا ئۆمۈر ئىچىدە،
ئۇلۇق ئىشلارنى قىلار چىن ئادەم.
خۇددى لەگلەكتەك لەيلەپ ئۆتىدۇ،
ئادەم سىياقى كۆلەڭگىلەر ھەم!
ئىنسام ئېكەنسەن، ئىنسانىيەتكە،
قالسۇن سىڭىنگمۇ، تۆھپە ـ نىشانەڭ!

———

شائىرنىڭ «ۋىجدان» ـ دەپ شېئىر يازغىنى،
ئۆزىدە ۋىجداننىڭ بولماسلىقىدىن.
شائىرنىڭ «ئىنسان» دەپ شېئىر يازغىنى،
ئىنسانلىق شەرتىگە تولماسلىقىدىن.
شائىرنىڭ «ۋەتەن» دەپ ۋاقىرىغانلىرى،
ئېقىمغا ماسلىشىپ ئىش قىلغانلىقى.
شائىرنىڭ «مىللەت» ـ دەپ چاقىرىغانلىرى،
خائىنلىق ئەپتىنى يوشۇرغانلىقى.
ئىشەنمە شائىرنىڭ يازغانلىرىغا،
نەزەرسال، ئەمەلدە قىلغان ئىشىغا!

# ئۈچ بەنتلىكلەر

## ئىنسان

ئېچىلغاننىڭ بەرى گۈل ئەمەس،
تېپىلغاننىڭ بەرى دۇر ئەمەس.
ئادەم مەن دەپ، بېشىن كۆتۈرۈپ،
ژۇرگەن بىلەن ئۇ، ئادەم ئەمەس.

ئالا قارغا شۇڭقار بولالماس،
ئاتنىڭ بەرى تۇلپار بولالماس.
ئۆز ئېلىنى سۆيەلمىگەنلەر،
چىن ھەقىقى ئىنسان بولالماس.

ئىنسان بولۇپ تۇغۇلماق ئاسان،
ئىنسان بولۇپ ياشىماق قىيىن.
ئىنسانلارچە ياشىماق كېرەك،
ئىنسان بولۇپ تۇغقاندىن كېيىن!

## شائىر

شائىر بولماق ئاسان ئەمەستۇر،
كۆيۈش كېرەك، مۇسەپپا ئوتتا.
مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس يالقۇنى،
يېنىپ تۇرسۇن ئاشىق ۋۇجۇتتا.

يەنە شائىر قوشاقلىرىدا،
چاقناپ تۇرسۇن نەپرەت ئۇچقۇنى.
ژۇرەكلەرگە ئوت ياقالمىسا،
شائىر دەپمۇ، ئاتىما ئۇنى!

شۇڭا شائىر خۇش، بولۇپ كۈلسە،
كۈلكىسىدىن ئويغۇنار ئاسمان.
ئەگەر شائىر چىندىن ژىغلىسا،
بار ئالەمنى باسىدۇ توپان!

## ئۆمۈر

ئۆسمۈر چېغىڭ ئۇرۇق سالسەن،
ياشلىغىڭدا چېچەك ئاتىسەن.
قېرىغاندا شەرۋەتكە تولۇپ،
مېۋىلىك باغ بولۇپ قالسەن.

ئۆسمۈرلىكتە ئوقى ـ بىلىم ئال،
ياشلىغىڭدا يارىڭنى سۆيگىن.
قىرانلىقتا ئىجات قىلىپ قال،
قېرىغاندا راھىتىن كۆرگىن!

ئاقىل ئىنسان بولساڭ، سەن ئەگەر،
ئۆمرىڭنى ئۆتكۈزمە بېكار.
ھەر كۈن ئىشلە، ھەر كۈن ئىجات قىل،
ئۆتكەن كۈننىڭ ھېساۋىتى بار!

## ۋاقىت

ۋاقىت يارىتىدۇ ھەممىنى،
ۋاقىت قېرىتىدۇ ھەممىنى.
ۋاقىت ئۆزى ھەممىگە قادىر،
يېڭىلايدۇ جاھان بارىنى.

ئۆتكۈنچىدۇر ھاياتى ئىنسان،
ئۆتكۈنچىدۇر جىمىكى جاھان.
ئۆتۈپ كېتەر، ئۇنتىلار ھەممە،
پەقەت ۋاقىت مەڭگۈ ھۆكۈمران!

سېغىنساڭمۇ، ئارمان قىلساڭمۇ،
ئۆتكەن ئۆمۈر كەلمەيدۇ يېنىپ.
ئالتە كۈنلۈك ناياپ ئۆمۈردە،
ياشاۋالغىن مۇراتقا يېتىپ!

## ئاچكۆز

دوستلاردىن يۈز ئۆرۈپ بەزىبىر نادان،
بايلىقنى دوست تۇتۇپ، ژىغدى خانۇ ـ مان.
ئاقىۋەت ئۆزى ئۆلۈپ، دوزاققا كەتتى،
ئارقىدا قېپ قالدى: «بېخىل» دېگەن نام.

بايلىققا ھېرىس بوپ، جان ئاتما پەقەت،
ئىشلەپ تاپ، رىسقىڭغا قىلغىن قانائەت.
قانائەت ـ كىشىگە تۈگىمەس بايلىق،
ئاچكۆزلىك ـ كىشىگە ئۆمۈرلىك ئاپەت!

ئاچكۆزلەر ئاش تۇرماق، كېپىكىن يەيدۇ،
ئۇيالماي، ئۆزگىنىڭ نېسىۋىن يەيدۇ.
ئۇ تىرىك چېغىدا يېگەنگە تويماي،
ئۆلگەندە ئۆزىنىڭ كېپىنىن يەيدۇ!

## گۈل ۋە قىز

قولۇمدا گۈل تۇرار توزدەك تاۋلىنىپ،
يېنىمدا قىز تۇرار شېرىن نازلىنىپ.
ھەيران بوپ قارايمەن بۇ ئىككىسىگە،
بىرسىدىن ـ بىرسىنى ئايرالماي بېقىپ.

ئويلايمەن: قىز ھۆسنىن گۈلدىن ئالغانمۇ؟
يا، گۈلنىڭ ھۆسنىنى قىزدىن ئالغانمۇ؟
ۋە ياكى ئىككىسى گېزەك تۇغۇلۇپ،
بىرسى گۈل، بىرسى قىز بولۇپ قالغانمۇ؟

گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى، رەڭدار ھۆسنى بار،
كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلىپ تاۋلىنار.
شۇندىمۇ مەن قىزنى ئارتۇق كۆرىمەن،
چۈنكى، قىز قەلبىدە مۇھەببىتى بار!

## ئۆمۈر

ھاياتقا كۆپ ئىنسان كەلدىيۇ ـ كەتتى،
بۇ دۇنيا بازىرىنى تاماشە ئەتتى.
ئاخىرقى مەنزىلگە يەتمىدى ھېچكىم،
ھەممىسى تەڭ يولدا تېيىلىپ كەتتى.

جىسمىڭنى قوينىغا لەھەت ئالىدۇ،
كۆزلىگەن ئارمانلار ئېشىپ قالىدۇ.
خەلقىڭنىڭ بەختىگە ياققان چىرىغىڭ،
ئەۋلاتلار قەلبىدە نۇر بوپ يانىدۇ!

شۇڭلاشقا دوستلىرىم ئۆمۈر بارىدا،
مۇراتقا يەتكىلى ئالدىراش كېرەك.
كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەي كەتسەڭ،
مۇراتقا يەتمىگەن ئاشىق سەن دېمەك!

## تىل

ئادەمنىڭ كىملىگىنى بىلمەكلىك ئۈچۈن،
بەزىدە بىر سۆزنىڭ ئۆزى يېتەرلىك.
قەلبىنىڭ گۈزەللىگىنى كۆرمەكلىك ئۈچۈن،
بىر قىلغان ئىشارەڭ ئېشىپ كېتەرلىك.

بىر سۆزدە بىلىنەر قىياپەڭ سېنىڭ،
ھېلىگەر، قۇۋمۇ سەن ۋە ياكى ئىنسان.
شۇڭلاشقا تىلىڭنى بايقا ئەي دوستۇم،
شۇ تىلدىن كېلىدۇ نومۇس، ياكى شان!

تىل ـ گويا قەپەزدە تۇرغان ئارسلان،
ئەركىكە ئىنتىلىپ، تېپىرلار ھامان.
بايقا، ئۇ بوشانسا، سىرىڭنى ئېچىپ،
سۇلتانلىق تەختىڭنى قىلىدۇ ۋەيران!

## ئەيىپ

ئۇيغۇر بىز ـ ھېچنەدە ئۆتمەس سۆزىمىز،
ۋەتەننى تارتقۇزۇپ قويغان ئۆزىمىز.
ژۈرىمىز گۇنانى ئۆزگىدىن ئىزدەپ،
ئۆزدىكى ئەيىپنى كۆرمەي كۆزىمىز.

بىرىنچى ئەيىۋىمىز ـ قارغۇ نادانلىق،
ئىككىنچى ئەيىۋىمىز ـ ئىتتىپاقسىزلىق.
ئۈچىنچى ـ خائىنغا رەھىمدىللىك بىز،
تۆرتىنچى ـ زۇلۇمغا سەۋرى ـ تاقەتلىك!

بەختلىك بولىشنى ئىستىسە خەلقىم،
بىرىنچى ـ ئاقىل بول، ئىككىنچى ـ ئىناق.
ئۈچىنچى ـ خائىنغا رەھىم قىلمىغىن،
تۆرتىنچى ـ زۇلۇمغا باش ئەگمە، ھېچۋاق!

## كۈرەش

ئەي مەزلۇم مىللىتىم، نەدۇر قىسمىتىڭ،
پەلەكتىن ئاشتىغۇ قايغۇ ـ ھەسرىتىڭ.
ئەرك ئۈچۈن كۈرەشتە قان كەچتىڭ، بىراق،
ساڭا قۇت بولمىدى، ئالغان نۇسرىتىڭ.

غايىپتىن نىجاتلىق تىلەپ مۇنايىم،
پەلەككە تەلمۈرۈپ قارايسەن دايىم.
يا، پەلەك ساڭا بىر كۈلۈپ باقمىدى،
يا، بەخت بەرمىدى، ساڭا خۇدايىم!

ئەركنى سوغات قىلىپ بەرمەيدۇ ھېچكىم،
بەختنى ـ كۈرەشتىن تاپىدۇ ئىنسان.
كۈرەشلەر ئوتىدا كۆيەلمىسەڭ سەن،
دۆشمەنگە بوسۇنچۇق بولغىنىڭ ـ بولغان!

## چىچەن خەلقكە مەدھىيە

دۇنيادا بىر خەلق بار، چىچەن دېگەن،
بۈركۈتنىڭ ئۇۋىسىدا ئۈچەكلىگەن.
مەرتلىكنىڭ، باتۇرلۇقنىڭ تىمسالى ئۇ،
ئەرك ئۈچۈن ئوت ئىچىگە كىرەلىگەن!

دۇنيادا بىر خەلق بار، چىچەن دېگەن،
مىڭ ژىللىق ئەۋلادىنىڭ غىنىمىن يېگەن.
قۇللۇققا ھېچقاچان باش ئەگمەس ئۇلار،
ھۆرلىكنى جاندىن ئارتۇق سۆيەلىگەن!

ئامان بولسۇن، چىچەننىڭ مەرت ئوغلانلىرى،
ئامان بولسۇن، جوخار بىلەن ئارسلانلىرى.
باش ئەگمەس چىچەن خەلقى بار بولسىلا،
يەلپۈلدەر، ئاسمىنىدا ئەرك تۇغى!

## ئىمتىھان

ھەر كىمنىڭ قىممىتى بار ئۆزىگە خاس،
بىرلىرى ـ سېدەپ، ئۈنىڭ بىرى ئالماس.
ياخشىغا تۆھمەت ئوقى ئېتىلسىمۇ،
بەرىبىر ئۆز باھاسىن ئالماي قالماس.

ھە، شۇنداق، ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئورنى بار،
بىرلىرى ـ قىزىلگۈلدۇر، بىرلىرى ـ خار.
بۇ ئورۇن ئالمىشىلماس ھېچۋاقىتتا،
دېمەككى، ھەر كىمنىڭ ئۆز نېسىۋى بار.

شۇڭلاشقا ھايات ئۆزى بىر ئىمتىھان،
ئادەمنى ئىشى بىلەن ئۆلچەيدىغان.
«ياخشى» دەپ نام ئالامسەن ياكى، «يامان»،
مەرھەمەت ئۆزەڭ تاللا، ئاقىل ئىنسان!

## ئاچكۆزلۈك

قارىماققا ھەممە ئادەم توپ ـ تۈزۈك،
بەزىلەرنىڭ ئىچىدە بار دەيۈزلۈك.
ئىنساندىكى ئەسكى ئىللەت ئاز ئەمەس،
ئىللەتلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئاچكۆزلۈك.

ئاچكۆز ئادەم مال ـ دۇنياغا ئامراق،
قانچە دۇنيا بولسىمۇ تويماس بىراق.
تىرىك چاغدا تويماي ئۆتكەن كۆزىنى،
گۆر ئىچىدە تويدۇرىدۇ تۇپراق!

ئىنسان ئۆمرى قىسقا، پەقەت بەش كۈنلۈك،
تاغدەك تېپىپ يەيدىغىنى بىر ئۆلچۈك.
قىزىغىنى كۆرەلمىگەن بايلىققا،
نېمە كېرەك مۇنچىۋالا ئاچكۆزلۈك؟

## ئارزۇ

بىر توختىماي ئاقار ھايات دېڭىزى،
دولقۇنلىنىپ تۇرار كېچە ـ كۈندۈزى.
دولقۇنلاردا گاھ چۆكۈپ، گاھ كۆرىنىپ،
ئۈزۈپ بارار ئۇندا ھايات كېمىسى.

ئۈزۈپ بارار ھەر بىر ئىنسان تىرمىشىپ،
قارشى سوققان دولقۇن بىلەن ئېلىشىپ.
ئۇلۇق ئارزۇ ماياك بولۇپ ئالدىدا،
يېنىپ تۇرار ساھىل سىرى چىللىشىپ.

ئارزۇلار ئۆزىن كۆز ـ كۆز ئېتىدۇ،
تۇتاي دېسەڭ، ئۇ يىراقلاپ كېتىدۇ.
ـ ئارمىنىمغا ئەندى يەتتىم ـ دېگەندە،
ئۆمرىڭنىڭ ئۆزىمۇ ھەم پۈتىدۇ!

## بۈيۈك ھەقىقەت

بۇ دۇنيانىڭ ئالدى ئاۋات، ئارتى خاراپ،
تۇغۇلماقتىن كېيىن، ئۆلمەك تۇرار ماراپ.
تەبىئەتنىڭ تۈپ قانۇنى نېمە ـ دېسەڭ،
ـ يارالماقۇ ۋە يوقالماق ـ شۇدۇر جاۋاپ.

ۋاقتى كەلسە، ئۆز تەختىدىن خان ئايرىلۇر،
ۋاختى كەلسە تەن مۈلكىدىن جان ئايرىلۇر.
بۇ دۇنيانىڭ پانىلىغى شۇ ئەمەسمۇ،
يەردىن قۇياش، قۇياشدىن تاڭ ئايرىلۇر!

ئۆلسەم رۇھىم ئۇچۇپ كېتەر نۇر ۋەسلىگە،
تەنۇ ـ جىسمىم سىڭىپ كېتەر يەر تەھتىگە.
رەسۇلىمىز ئېيتقان بۈيۈك ھەقىقەت شۇ:
«كۇللى شەيئى قايتار ئاخىر ئۆز ئەسلىگە!».

## ئەركىنلىك

مىڭ ۋىللىق تارىخقا تاشلىسام نەزەر،
جەڭ قىلىپ ئۆتۈپتۇ ئەجدادۇ ـ بەدەر.
تارىخنىڭ ھەر بابى، ھەر ـ بىر بېتىدىن
تۆكۈلگەن قانلارنىڭ پۇرىغى كېلەر!

قارىغىنا، ئۈستۈڭدە بىپايان ئاسمان،
ئاستىڭدا يەر تۇرار، ياشىرىپ بوستان.
بۇ ئالەم شۇنچىلىك كەڭرى تۇرسا،
نە ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى قىرىدۇ ئىنسان؟

نە ئۈچۈن كۈرەشتى باتۇر ئەجداتلار؟
نە ئۈچۈن تۆكۈلدى شۇنچە كۆپ قانلار؟
ھەممىسى پەقەتلا ئەركىنلىك ئۈچۈن،
دېمەككى، ئەركىنلىك ھەممىدىن ئەلا!

## ئۇيغۇرستان ئازات بولارمۇ؟ ـ دەپ سورىغان دوستۇمغا

ـ ئازات بولىدۇ، ئاللاھ بىزگە يار بولسا،
خەلقىم ئەگەر جەڭدە پىداكار بولسا.
دۈشمىنىگە مەڭگۇ قەھرۇ ـ غەزەپلىك
دوستلىرىغا مەڭگۈ ۋاپادار بولسا!

ئازات بولىدۇ، بىلىگىدە كۈچ بولسا،
خائىنلارغا شەپقەتسىز ئۆچ بولسا.
ئارىدىكى نىپاقلىقتىن قۇتۇلۇپ،
ئۇيۇلتاشتەك ئۇيغان بىر مۇش بولسا.

ئازات بولىدۇ، تەلىيىمىز قۇت بولسا،
قەلبىمىزدە يېنىپ تۇرغان ئوت بولسا.
قاپ ـ قاراڭغۇ جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ،
ئىلىم بىلەن دىلىمىز يورۇق بولسا!

## تارىخى مىراسلارنى ئېلىۋېلىشقا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغۇچىغا

ـ ئاللايسەن، ئۆزەڭ ئەگەر قاراق بولساڭ،
ئادىمىيلىك ئار ـ نومۇستىن ژىراق بولساڭ.
تارىخىڭدا ئۆزەڭ شوھرەت ئاللمىغان،
ئۆزگىلەرنىڭ شوھرىتىگە ئامراق بولساڭ!

ئاللايسەن، ئۆزەڭ ئەگەر «ئېسىل» بولساڭ،
ئېلىشتا، ئالمان قۇشتەك دېدىل بولساڭ.
تەييارغا ھەييار بولۇپ، ھەر قاچاندا،
ئۆزگىگە نەپ بېرىشكە بېخىل بولساڭ!

ئاللايسەن، يۇغان پونى ئېتىپ تۇرساڭ،
قېرىنداشنى، دۇشمىنىڭگە سېتىپ تۇرساڭ.
شوتىدىن ئۆزەڭ ئاۋۋال چىقىۋېلىپ،
ئۆزگىلەرنى مەيدىسىگە تېپىپ تۇرساڭ!

## رەدىيە

بىرسى چىقىپ؛ ئۇيغۇر ئەمەس، تۈرك سەن، دېدى،
بىرسى چىقىپ: چىڭگىز ئېلى ـ موغۇل سەن ـ دېدى.
يەنە بىرسى: ـ ئىبراھىمنىڭ مىللىتى ـ دېسە،
بىرسى: جۇڭخۇا مىللىتى ـ دەپ قويدى لەقەمنى.

ئەي، ھەقىقەت ئاسىيلىرى ـ غەيرى جاناپلار،
كىيگۈزمەڭلار، مىللىتىمگە قەغەز بۆكلەرنى،
ئۇيغۇرۇمنى ئۆز نامىدا تونىمساڭ سەن،
ئۇيغۇرۇممۇ تونىمايدۇ، سېنىڭدەكلەرنى!

ھېچقاچاندا مىللىتىمنىڭ دوستى بولالماس،
ئۇيغۇرنى ئۆز نامى بىلەن ئاتالمىغانلار.
مىللىتىگە غەيرى نامنى تاڭسا باشقىلار،
تۆھمىتىگە پەشۋا بېرىپ، ئېتالمىغانلار!

## ئەركىنلىك

ئەركىنلىكنى ئەلدىن تىلەپ ئالغىلى بولماس،
ياكى ئۇنى سوغات قىلىپ بەرگىلى بولماس.
ئەركىنلىك ـ ئۇ ئىنساننىڭ سائادىتىدۇر،
كۈرەشمىسەڭ، ئۇ بەختكە يەتكىلى بولماس!

ماڭمىۋەرسەڭ، قەشقەرغىمۇ بېرىپ يېتىسەن،
چاپمىۋەرسەڭ، داۋاننىمۇ تۈزلەۋېتىسەن.
ۋاقىت بىلەن ھەرىكەت ھەممىگە قادىر،
سەئىي قىلساڭ مۇرادىڭغا چوقۇم يېتىسەن.

ئەي ئۇيغۇرۇم، ئەرك ئۈچۈن تىككىن بارىڭنى،
بار كۈچىڭنى، مال ـ مۈلكۈڭنى، نومۇس ئارىڭنى.
ئايانماستىن ھەممىسىنى قۇربان قىلساڭمۇ،
قايتۇرۇپ ئال، مۇستەقىللىق ـ ئەنگۈشتەرىڭنى!

## تەگرىم خىسلىتى

تەگرىم ئاقىل، ئاقىللارنى ياخشى كۆرىدۇ،
تەگرىم ئادىل، ئادىللارنى ياخشى كۆرىدۇ.
كىم ھاياتتا ئادىل ئەر بوپ ياشىيالىسا،
تەگرىمنىڭ بىر خىسلىتىنى قىلغان بولىدۇ!

تەگرىم راخمان، رەھىمدىللىنى ياخشى كۆرىدۇ،
تەگرىم قەھھار، قەھىرلىكنى ياخشى كۆرىدۇ.
ياخشىغا دوست، يامانغا ئوت بولالىسا كىم،
تەگرىمنىڭ بىر خىسلىتىنى قىلغان بولىدۇ!

تەگرىم پاكدۇر، ئۇ پاكلىقنى ياخشى كۆرىدۇ،
تەگرىم ھەقتۇر، ئۇ ئۇ ھەقلىقنى ياخشى كۆرىدۇ.
كىم پاكىز، ھەقىقەتچى بولالىسا گەر،
ئۇ، تەگرىمنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولىدۇ!

## ئوغلان بول

كېچە كۈتۈپ تۇرمايدۇ، كۈندۈز كۈتۈپ ئالمايدۇ،
جاسارەتسىز جانلاردىن، دۇنيادا ئىز قالمايدۇ.
ئەگەر تارىخ بېتىدە، باسقان ئىزىڭ قالمىسا،
سېنىڭ باتۇرلىغىڭنى، ئەۋلاتلار تەن ئالمايدۇ.

دۇنيا ئۇلۇق بىنادۇر، سەن بىر كىرپىچ بولۇپ قال،
ھايات ـ ئۇلۇق دېڭىزدۇر، سەن بىر تامچە قۇيۇپ قال.
ئەگەر ئىنسان ئېكەنسەن، ئىنسانىيەت بەختىگە،
ئاز بولسۇنۇ، كۆپ بولسۇن، ئۆز ھەسسەڭنى قوشۇپ قال.

ئەر بولساڭ، ئەرسىمان بول، كۈرەشتە ئارسلان بول،
سېنى تۇغۇپ، ئۆستۈرگەن ئەلگە، سادىق ئوغلان بول،
ئانا يۇرتىنىڭ تۇپرىغى ـ دۆلىتىڭ، تەختىڭ سېنىڭ،
«ئۆزگە ئەلدە شاھ بولغىچە، ئۆز ئېلىڭدە ئۆلتان بول!».

## ئازاتلىق

ئادىمزات نەسلىنىڭ ئارمىنى سەن، ئازاتلىق،
ئازاپ چەككەن، دىللارنىڭ دەرمانى سەن، ئازاتلىق.
بۇ دۇنيادا سېنىڭدەك دىلرابا ـ دىلدارە يوق،
جىمى جاننىڭ سۆيگىنى ـ جانانى سەن، ئازاتلىق.

بېشىمغا تاج قىلاي دېسەم، مەندىن ژىراق قاچىسەن،
قەدرىڭنى بىلمىگەن يارغا، قۇچاق ئاچىسەن.
يوللىرىغا نادانىنىڭ، ئۈنچە ـ مارجان چاچىسەن،
ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن، نادانى سەن، ئازاتلىق!

ئازاتلىققا تەشنا مەن، ئۇ ـ مىللەتنىڭ بەختىغۇ،
ئازاتلىق ئۇ ـ ھەر كىمنىڭ پادىشاھلىق تەختىغۇ.
ئازات ـ ئەركىن ياشىغان، ئۇ ـ جەننەتنىڭ ئەھلىغۇ،
بۇ ھاياتنىڭ پىردەۋسى ئەدنانى سەن، ئازاتلىق!

## خاتىمە

# سوغات

ئەي، شېرخانىم مېنىڭ، قەلبىمگە ـ قەلبداش دوستلىرىم،
ئۇشبۇ «ھايات ناخشلىرى» سىزگە قىلغان سوغىتىم.
بۇ، ھاياتىم سەمرىسى ـ ئەمگىكىم، ئەجرىم مېنىڭ،
ھەر شېئىر، ھەر قۇرغا سىڭگەن ژۇرىكىم ـ قەلبىم مېنىڭ.
كۈيگە تەشنا ئۇيغۇرۇمنىڭ كۈيچىسى ـ شائىرىمەن،
ژۇرىكىمدە ئوتى بارنىڭ ئاشىقى ـ تاھىرى مەن!
شائىرغا ئىجات قىلماقتىن ئۆزگە، لەززەت بارمىكىن؟
ياكى شېرىيەت ئەزەلدىن ژۇرىكىمگە يارمىكىن؟
بۇ مۇھەببەت ئوتلىرىدا بىر ئۆمۈر كۆيدۇم مانا،
ئۇ ماڭا بەردى خوشاللىق، ھەمدە كۆپ جەۋرۇ ـ جاپا!
جەۋرۇ ـ جاپا كۆرگىنىمگە، ئاغرىنىشىم يوق مېنىڭ،
چۈنكى، ھەر بىر شېئىرىم ـ دۈشمەنگە ئاتقان ئوق، مېنىڭ.
شېئىرلىرىم ـ ئاق نىيەتلىك، دوستلىرىمغا كۈي، قانات،
قارا يۈز تۆھمەتچىلەرگە، دەل ئۇرۇلغان بىر كاچات!
تۆھمەتچىلەر دەردىنى ئاز تارتتىمۇ، خەلقىم مېنىڭ،
شۇ سەۋەپتىن بىر ئۆمۈر، خۇنباردۇر قەلبىم مېنىڭ!
ئېھتىمال، ئۆلسەم ـ ئۆلەرمەن، ئامما ئۆلمەس شېئىرىم،
شېئىرىم بىرلەن قالۇر، دۇنيادا باسقان ئىزلىرىم.
ئىزلىرىمدىن مېنى ئىزدەپ، تاپقۇسى ئەۋلادلىرىم،
ھەر ژۈرەك، ھەر ئويدە ياڭراپ تۇرغۇسى ئەشئارلىرىم.
بۇ كىتاپ تۇققان ئېلىمگە، يادىكار قالغۇسىدۇر،
سابىتجاننى بىر زامانلار يادىغا ئالغۇسىدۇر!
خەلقىم بىلەن ئەۋلادىمغا يارىسا يازغانلىرىم،
ئىككى دۇنيا رازىمەن، قالماس مېنىڭ ئارمانلىرىم!

1999 ـ ژىل. دېكابر، ئالمۇتا.

